

# ئۈجمە سايىسى

شنجاڭ خەلق نەشرياتى




ISBN 978-7-228-10828-2

9 787228 108282 >

定价：4.50元



# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئۈجمە سايىسى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

桑树影：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN 978-7-228-10828-2

Ⅰ.桑... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族-民间故事-作品集-中国-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006079号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**桑树影**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号　邮编：　830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米　32开本　2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10828-2　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۇچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئۇجمە سايىسى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ـــ 5000
ISBN 978-7-228-10828-2
باھاسى: 4.50 يۈەن



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت





# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللۇق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىنەك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۈيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۇسكەك پادشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئەقللق كەنجى قز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ھەركم قلسا ئۆزگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۇجمە سايسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئەپچلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئارغماق ماجراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئككى باينى ئەپلگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۆرگلۋاي بلەن چۆرگلۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى يەتتە لڭگلتاق بلەن بر شڭگلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى شتلە بلەن پتلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى پادشاھنڭ كۆڭنى ئۇزارتشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى موللام ئوغرنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى شاھ بلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتپلرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلرى (ھېسام چاقچاقلرى) — 1، 2 (ھەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللرى — 1، 2 (ھەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلرى — 1، 2، 3 (ھەر برى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپشماقلرى — 1، 2 (ھەر برى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بر يۈرۈش 55 كتابنڭ ئومۇمي باھاسى 244.50 يۈەن)

# مۇندەرىجە


كۆكۈل ........................ 1

ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ سۆز ........................ 6

تەدبىرلىك قىز ........................ 13

زېرەك بىلەن زېرىككەك ........................ 21

دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ ........................ 30

مېيىپ بالا ........................ 37

ئاچچىق ساۋاق ........................ 39

پادىشاھ بىلەن باققال ........................ 44

ئۈجمە سايىسى ........................ 48

مىراس ........................ 62




# كۆڭۈل

بۇرۇنقى زاماندا بىر ياۋۇز، زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئەلدە ناھەقچىلىكنى كۆپ قىپتۇ. خەلق پېقىرلىق - نامراتچىلىقتا ئۆتۈپتۇ، ئۇستى - ئۇستىلەپ قاتتىق زۇلۇم تارتىپتۇ. پادىشاھنىڭ زۇلمى، ياۋۇزلۇقى ھەققىدە ھېچكىممۇ بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز قىلالمايدىكەن. ئەگەر پادىشاھ بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز ئاڭلاپ قالسا، شۇ گەپنى قىلغان ئادەمنى ئۆلۈمگە، مال - مۈلكىنى تالاڭغا بۇيرۇيدىكەن. پادىشاھنىڭ زۇلمى ۋە ۋەھشىيلىكىدىن قورقۇپ، خەلق كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ قارىغۇ، تىلى تۇرۇپ گاچا، ئەقىل - ھوشى تۇرۇپ دۆت بولۇۋاپتۇ. بۇ ئەلدە ساخاۋەت ئاتلىق ئاق نىيەت، ساپ دىل، ئادىل بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇ ھەر دائىم ئەل ئارىسىدا يۈرىدىكەن، كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىكەن، ھاجەتمەنلەرنىڭ قانداق ھاجىتى بولسا، ئېغىر كۆرمەي راۋا قىلىپ بېرىدىكەن. خەلق ساخاۋەتنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ، ساخاۋەتكە كۆڭلى - كۆكسىدىكى

سۆزىنى ئېيتىپتۇ:

— پادىشاھنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، خەلقنىڭ «ئۇھ» دېگۈچىلىك مادارى قالمىدى. بۇ زالىمدىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ؟

ساخاۋەت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ئارغامچىنى تولغاۋەرسە ئۈزۈلىدۇ، زۇلۇم قانچە كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقمۇ شۇنچە ئۆرلەيدۇ. يۇك كۆتۈر-گەن ئادەم يۇك ئېغىرلىشىپ كۆتۈرەلمىگەندە، ئۇستىدىكى يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. زۇلۇم چېكىگە يەتتى. ئۇنىڭ زالىملىقىدىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كېلىدۇ، — دەپ دېھقانغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ساخاۋەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئاڭلىنىپ ئاخىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، ساخاۋەتنى تۇتۇپ كېلىشكە بەل باغلاپتۇ. كىمكى ساخاۋەتنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسە، ئۇنىڭغا زور ئىنئام بېرىدىغانلىقى، كىمكى ئۆز ئۆيىدە يو-شۇرۇپ ساقلاپ خەۋەر قىلمىسا، ئۇنى جازالاپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چى-قىرىپتۇ ۋە تەرەپ - تەرەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆي - ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قور-قۇپ، ھېچكىم ساخاۋەتنى ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ. ساخاۋەت ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە

بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ ساخاۋەتنى ئۆيىگە كىرگۈزسە، ئۆزىگە خاپىلىق يېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ، ئاش ـ نان بېرىپ، ئۆزرە ئېيتىپ يولغا ساپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئاخىر ساخاۋەتنى تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بوپتۇ ۋە: «ساخاۋەت دارغا ئېسىلىدۇ، ئاۋۋال ھەممە ئادەم جازا مەيدانىغا توپلىنىپ، بۇ گۇناھكارنى بىردىن ئۇرۇشى كېرەك. كىمكى پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ گۇناھكارغا ئىچ ئاغرىدتىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ، شاھ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.



زالىم پادىشاھنىڭ ھۆكمى بويىچە بەلگىلەنگەن كۈنى پۈتۈن خەلق جازا مەيدانىغا توپلىشىپتۇ. جاللاتلار ساخاۋەتنى باغلاپ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈپتۇ. دارنىڭ سىرتمىقىنى ئۇنىڭ بوينىغا سېلىپ، ھەممىگە ساخاۋەتنى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۈشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئۇرۇپ ئۆتۇ-

شىگە سەپسېلىپ تۇرۇپتۇ. ھەممە كىشى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۈپتۇ. بەزىلىرى مۇشت بىلەن ئۇرۇپتۇ، بەزىلىرى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپتۇ، بەزىلىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئىشقىلىپ، نېمە بىلەن بولسۇن، ھەممىسى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۈپتۇ. ساخاۋەت داد ـ پەرياد كۆتۈرمەي، مەردانە قىياپەتتە تىك تۇرۇپتۇ.

ساخاۋەتنىڭ سالى دېگەن بىر يېقىن دوستى بار ئىدىكەن. ئۇنىڭ ساخاۋەتنى ئۇرۇشقا قولى بارماي، نائىلاجلىقتا قولىدىكى ئەتىرگۈلنى ساخاۋەتنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. گۈل ساخاۋەتنىڭ بۇرنىغا تېگىشى بىلەن تەڭ ساخاۋەت «ۋايجان !» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ جاللاتلارغا:

— ساخاۋەتنىڭ بويندىكى سىرتماقنى يەش، ئۇنى ھازىرلا ئالدىمغا كەلتۈر. ئۇنى گۈل بىلەن ئۇرغۇچىنىمۇ ئېلىپ كەل، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

جاللاتلار ئۇنىڭ بويندىكى سىرتماقنى يېشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— شۇنچە ئادەم ئۇرۇپ ئۆتسە، ھەتتا كالتەك بىلەن ئۇرسىمۇ «ۋاي» دېمەيسەن، بۇرنۇڭغا گۈلنى پۇرىتىپ ئۆتسە «ۋايجان !» دەپ توۋلايسەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ساخاۋەتتىن.

— مەن بىر گۇناھسىز ئادەم، ناھەقتىن ـ ناھەق دارغا ھۆكۈم قىلىندىم. خالايىق، بىرىنچىدىن، مېنىڭ

نېمە سەۋەبتىن دارغا ئېسىلماقچى بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەنلىكى، ئىككىنچىدىن، ماڭا يات بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئۇردى، شۇڭا ئۇلاردىن خاپا بولمىدىم. ئەمما، مېنى گۇل بىلەن ئۇرۇپ ئۆتكىنى مېنىڭ ئەڭ يېقىن، قىيامەتلىك ئاغىنەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرغىنى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، تاقەت قىلالماي «ۋايجان» دەپ توۋلاپ سالدىم. كىشى ياتتىن رەنجىمەيدۇ، يېقىن كىشىسىدىن رەنجىيدۇ، — دەپتۇ ساخاۋەت.

بۇ سۆز پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى يېقىپتۇ ۋە ساخاۋەتنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىپتۇ. «ئادەم ياتتىن رەنجىمەيدۇ، يېقىنىدىن رەنجىيدۇ» دېگەن بۇ سۆز شۇنىڭدىن كېيىن ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ قېلىپ، ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىپتۇ.

## ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ سۆز

ئۆتكەن زاماندا بىر باي ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. دادىسى ئوغلىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئوغلۇم مېنىڭدىن كېيىن قال-غاندا بىر كىمگە خار بولمىسۇن، بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي، دەپ ئويلاپ، ئوغلىغا مەسلىھەت سالپتۇ.

— سودىگەرچىلىك قىلسام، — دەپتۇ ئوغلى.

دادىسى ئوغلىنى شۇ يۇرتتىكى سودىگەرلەرگە قوشۇپ، مىڭ تىللا بىلەن يولغا سالپتۇ.

ھېلىقى بالا بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر ئۆتەڭگە كەپتۇ. بۇ ئۆتەڭدە بىر قېرى بوۋاي ئولتۇرغانىكەن، ئۇ بالىدىن:

— ئوغلۇم، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتام بەرگەن مىڭ تىللا بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن باشقا يۇرتقا كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى بالا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بوۋاي، — مېنىڭ بىر

ھېكمەتلىك سۆزۈم بار، مىڭ تىللاغا ساتىمەن، شۇنى ئال-
غىن، مال ـ دۇنيا تېپىلىدۇ.
بالا مۇشۇ بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېلىپ ئەق-
لىمنى ئاشۇراي، دەپ ئويلاپ مىڭ تىللانى بېرىپتۇ. بوۋاي
مىڭ تىللانى ئېلىپ:
ــ بالام، بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي، ــ دەپتۇ.
بالا بۇ سۆزنى ئېلىپ، سودىگەرلەردىن ئايرىلىپ: «مېنىڭ
سودام تامام بولدى» دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بالا شەھەرگە
يېقىن كەلگەندە، دادىسى بالىسى ھەققىدە «ناھايىتى نۇرغۇن
مال ئېلىپ كېلىۋاتقۇدەكمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئال-
دىغا چىقىپتۇ. بۇ بالىنىڭ نېمە ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈش



ئۇچۇن چىققان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن. بالىسىنىڭ قۇ-رۇق قول كەلگەنلىكىنى كۆرگەن دادىسى گەپ قىلماي قاي-تىپ كېتىپتۇ. باشقىلار: «مېلى ئارقىدا كېلىۋاتقۇدەك» دېيىشىپ كىرىپ كېتىپتۇ. دادىسى بىرنەچچە كۈن ئۆت-كەندىن كېيىن، بالىسىنىڭ نېمە ئەكەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا ھېلىقى مىڭ تىللاغا ئالغان سۆزنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ شۇنچە پۇلنى ئورۇنسىز يوقىتىپ قويۇ-غانلىقىغا ئېچىنىپ، قانداق قىلسام بولار، دەپ ئويلاپتۇ-دە، يەنە مىڭ تىللا بېرىپ، ئىككىنچى قېتىم سودىگەرچى-لىككە ماڭدۇرۇپتۇ.

بالا بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يەنە ھېلىقى بوۋاي تۇرغان يەرگە كەپتۇ. بوۋاي بالىغا:

— بالام، ياخشى كەپسەن، يەنە بىر سۆزۈم بار، مىڭ تىللا بەرسەڭ، بۇ سۆزنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. بالا:

— ئېيتسىلا، ياخشى سۆز بولسىلا ئالىمەن، — دەپ-تۇ. بوۋاي:

— بالام، ھەركىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق، — دەپتۇ.

بالا بوۋاينىڭ بۇ سۆزىگىمۇ مىڭ تىللا بېرىپ، يۇرتىغا قايتىپتۇ ۋە دادىسىغا مىڭ تىللاغا يەنە بىر سۆز سېتىۋال-غانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى ناھايىتى خاپا بوپتۇ، ئىچى-دە، بوپتۇ، مەرتەم - مەرتەم، ئۈچ مەرتەم، دەپتىكەن، يەنە

بىر مەرتەم ئەۋەتىپ كۆرەي، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلسا، ئاندىن ھەيدىۋېتەي، دەپ ئويلاپتۇ. يەنە مىڭ تىللا بېرىپ ئۇچىنچى قېتىم يولغا ساپتۇ. بۇ قېتىممۇ بالا يەنە ھېلىقى بوۋايغا يولۇقۇپتۇ. بوۋاي:

— بالام، يەنە بىر سۆزۈم بار، مىڭ تىللا بەرسەڭ دەپ بېرەمەن، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، ئېيتسىلا، ياخشى سۆز بولسا ئالىمەن، — دەپتۇ بالا.

— بالام، قورقماس ئادەمدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

بالا بۇ سۆزنىمۇ مىڭ تىللاغا ئېلىپ، دادىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. دادىسى بۇ قېتىممۇ بالىسىنىڭ يەنە مىڭ تىللاغا بىر ئېغىز سۆزنى سېتىۋېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان غەزىپى ئۆرلەپ:

— خوتۇنۇڭ بىلەن نېمە قىلساڭ قىل، سەندەك بالام يوق! — دەپ ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

بالا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، خوتۇنى بىلەن بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن بۇرۇن بىللە سەپەرگە چىققان سودىگەرلەر ئۇچراپتۇ. سودىگەرلەر بالىدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا بولغان ۋەقەنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ: «بىزنىڭ سەپىرىمىز ئون سەككىز يىللىق سەپەر، بىز بىلەن بىللە بېرىپ ئاي-

لىنىپ كېلىنىڭ، ئاڭغىچە دادىڭىزنىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالار» دەپتۇ.

بالا خوتۇنىغا ئون سەككىز يىللىق خىراجەت بېرىپ، سودىگەرلەر بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ.

ئۇلار بىر ئايدەك يول مېڭىپ، بىر قۇملۇق چۆلگە كەپتۇ. بۇ چۆلدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ھەم يەنە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان نۇرغۇن كارۋانلارنى ئۇچرىتىپتۇ. ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، بۇ يەردە بىر قۇدۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا سۇ چىقماس بولۇپ قالىدىكەن. كارۋانلار بۇنداق چاغلاردا بىر كىشىنى قۇدۇققا سالىدىكەن، ئەگەر ئۇ كىشى چىقسا، سۇ چىقىدىكەن، بولمىسا، سۇ چىقمايدىكەن. بۇ قۇدۇقتىن ئۆتسە، ئون كۈندە ئاندىن سۇ بار يەرگە بارىدىكەن. بۇ يەردىن سۇ ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ ماڭمىسا، ھەممە يولۇچىلار قىرىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ قۇدۇققا نۇرغۇن كىشىلەر چۈشكەن بولسىمۇ، سۇ تۇرماق، ئادەملەرمۇ قايتىپ چىقماپتۇ.

بالىنىڭ يادىغا بوۋايدىن مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان: «قورقماس ئادەمدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن سۆز كەپتۇ ـ دە، بىللە كەلگەن سودىگەرلەرگە:

ـــ ئۆلسەم، بالا ـ چاقامغا قاراپ قويارسىلەر، ئەگەر ئۆلمىسەم، يولۇچىلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىمەن، ـــ دەپ قۇدۇققا چۈشمەكچى بوپتۇ. سودىگەرلەر:

ـــ ئەگەر سىز مۇشۇ يەردىن سۇ ئېلىپ چىقسىڭىز،

سىزگە كۆپ نەرسە ئىنئام قىلىمىز، ــ دەپتۇ.

بالا قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. قارىسا، قۇدۇقتا ئىككى دىۋە ئولتۇرغۇدەك، بىرىنىڭ يېنىدا پاقىدەك سەت بىر قىز، يەنە بىرىنىڭ يېنىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن. بالا:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ــ دەپ سالام بېرىپتۇ. دىۋىلەر بالىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

ــ نېمە ئۈچۈن چۈشتۈڭ؟ مەقسىتىڭنى ئېيتقىن، ــ دەپتۇ.

ــ بىز يول ئۈستىدىكى كارۋانلار ئىدۇق، ئادەملىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتا قالدى، شۇلارغا سۇ ئالغىلى چۈشتۇم، شۇ كىشىلەرگە رەھىم قىلىپ سۇ بەرسەڭلار، ــ دەپتۇ بالا.

دىۋىلەر:

ــ بىر سوئالىمىز بار، شۇنىڭغا جاۋاب بەرسەڭ، سۇ بېرىمىز، بولمىسا، ئۆزۈڭمۇ قايتىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن، ــ دەپتۇ.

ــ سوراڭلار، بىلىشىمچە جاۋاب بېرەي، ــ دەپتۇ بالا.

ــ ماۋۇ پاقا قىز چىرايلىقمۇ ياكى ماۋۇ قىز چىرايلىقمۇ؟ ــ دەپتۇ دىۋىلەر.

بالا بىردەم ئويلىنىپتۇ، دەرھال ھېلىقى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان سۆز يادىغا كەپتۇ ــ دە:

ــ ھەركىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق، ــ دەپتۇ.

ئىككىلا دىۋە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، سۇ ئېلىشقا

رۇخسەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سۇغا چۈشكەنلەر چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ: «مۇشۇ قىز چىرايلىق» دەيدىكەن، پاقىدەك سەت قىزنى ياخشى كۆرىدىغان دىۋە بولسا، سۇ بېرىش تۇگۇل، ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن.

بالا كارۋانلارنىڭ بەرگەن ئىنئاملىرى بىلەن كاتتا بىر سودىگەر بولۇپ قاپتۇ، كۆپ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، ئون سەككىز يىلدىن كېيىن بارانغا يەتكەن ئەر بولۇپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، يېرىم كېچىدە خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر يىگىت خوتۇنىنىڭ يېنىدا ياتقان. ئۇنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ، قىلىچىنى غىلىپىدىن ئېلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشىنى كەسمەكچى بولۇپ تەمشىلىپتۇ ـ دە، دەرھال بوۋاينىڭ: «بۇگۇنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي» دېگەن سۆزى يادىغا چۈشۈپتۇ، ئاچچىقىدىن يېنىپ يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى خوتۇنىغا دەپتۇ:

ــ مەن ئون سەككىز يىلدىن بۇيان نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ كەلسەم، سەن بىر يىگىت بىلەن ياتقىنىڭ نېمىسى؟ ئەمدى سېنى نېمە قىلاي، ئۆزۈڭ سۆزلە.

ــ سىز بار ۋاقتىتا بويۇمدا قالمىغانمۇ؟ سىز كېتىپ تۇغدۇم، ھازىر بۇ بالا ئون سەككىز ياشقا كىردى، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى، ــ دەپتۇ خوتۇنى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى بىلىپ خوتۇنىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خۇشال ـ خۇرام ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# تەدبىرلىك قىز

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىنتايىن ئەركە ـ نايناق ئىكەن. پادىشاھ ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى مۇشۇ ۋارىسىغا بېغىشلىغاچقا، ئۇنى ئوقۇتۇپ ئىلىم ئەھلى قىلىشقا شۇنچە تىرىشىدىكەن. بىراق، موللا ـ ئۆلىمالار بۇ شاھزادىنى بىرقانچە يىل ئوقۇتقان بولسىمۇ، شاھزادە «ئېلىپ»نىمۇ ئۆگىنەلمەپتۇ. ئەمما، پادىشاھ ئەيىبنى ئوغلىدىن كۆرمەي، موللىلارنىڭ بەزىلىرىنى: «قولىدىن ئىش كەلمەسلەر» دەپ ئوردا مەدرىسىسىدىن قوغلىسا، ھەتتا بەزىلىرىنى جازالاپتۇ. شاھزادە ئۇستازسىز قېلىپ، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ شاھزادىنى چاقىرىپ:

— بالام، يېشىڭ ئونغا بېرىپ قالدى، تېخىچە ھېچ نەرسە ئۆگەنمىدىڭ. تىرىشىپ بىلىم ئالمىساڭ، قانداقمۇ تەخت ۋارىسى بولالايسەن؟ مۇنداق كېتىۋەرسەڭ، مەن ئاخىرەت ئېتىنى مىنەر چېغىمدا، ساڭا تاجنى كىيدۈرۈپ

قويغىنىم بىلەنمۇ بېشىڭدا تۇرغۇزالمايسەن. شۇڭا، بىر ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ سېنى ئوقۇتماقچىمەن. ياخشى ئو-قۇغىن ... — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. شاھزادىمۇ ئوبدان ئوقۇيمەن دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ياۋاش، ئېغىر - بېسىق، تەجرىبىلىك بىر مۇدەررىسنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ، شاھزادىنى ئۆز قولى بىلەن مۇدەررىسكە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. مۇدەررىس دەرس باشلاش ئالدىدا: «ئو-قۇپ قەيەرگە كەلگەنىدىلە؟» دەپ سوراپتۇ شاھزادىدىن. «ئۆتكەن يىلى قىشقىچە ئوقۇغانىدىم» دەپتۇ شاھزادە. «خوش، ناھايىتى ياخشى ئىكەن، قايسى كىتابقا چۈشكەنىدى-لە؟» دەپ يەنە سوراپتۇ موللا شاھزادىدىن. «ئۇ كىتابنى ئۇستازىم ئۆزى بىلەتتى، ئىسمىنى دەپ بەرمىگەنىدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە. شۇ چاغدا پادىشاھ كىرىپ كەپتۇ. ئۇ مۇدەررىس بىلەن شاھزادە ئوتتۇرىسىدا بولغان سوئال-جاۋابلارنى ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىۋالغانىكەن. «دەرس-نى باشتىن باشلىغان ياخشى، ئۆزلىرىنىڭ قولىدا بىر قوللۇق تەلىم ئالسۇن» دەپتۇ پادىشاھ. مۇدەررىس «پەنسۇر»[1] دىن دەرس ئۆتۈپتۇ. لېكىن، شاھزادە «ب»نى ئۆگەتسە «ا»نى ئۇنتۇپ قېلىپ، «ا»نى قايتىلىسا «ب»نى ئۇنتۇپ قېلىپ، زادىلا ئالغا باسماپتۇ. شۇ تەرىقىدە يېرىم يىل ئۆتۈپ كې-تىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ دەرس ئۇستىگە كىرىپ، شاھزا-دىگە: «ساۋىقىڭنى ئوقۇپ باققىن» دەپتىكەن، شاھزادە يەر-

[1] پەنسۇر — ساۋات چىقىرىش كىتابى.

گە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ مۇدەررىسنى: «بالامنى ياخشى ئوقۇتماپسەن» دەپ سىپسىق گەپ بىلەن ھاقارەتلەپتۇ. مۇدەررىسنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ:

— ئالتە ئايدىن بىرى شاھزادىگە ھېچنېمە ئۆگىتەلمىدىم، بۇنىڭ ئورنىدا ئېشەكنى ئوقۇتقان بولسام، مولال قىلار ئىدىم، — دەپ ساپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— مېنىڭ بالامنى ئېشەكتىنمۇ پەس كۆردۇڭمۇ؟! — دەپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

— قىلمىغان ئامالىم، قوللانمىغان ئۇسۇلۇم قالمىدى، ئەمما شاھزادە تېخىچە «ئېلىپ»نى ئۆگىنەلمىدى. مانا ئاخىر پادىشاھىمدىن تەنبىھ ئاڭلىدىم. شۇڭا، ئالتە ئايدىن بۇيانقى ئەجرىمنى ئېشەككە سىڭدۈرگەن بولسام، مولال بولارمىدى دەپ ئۆزۈمگە ئېچىندىم، — دەپتۇ مۇدەررىس.

— سەن ھەممە گۇناھنى مېنىڭ بالامغا ئارتماقچىدىسەن؟! شۇڭا، دېگىنىڭ بويىچە ئىش كۆرىمەن، ساڭا بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىمەن، بىر ئېشەكنى مولال قىلىپ خەلقىئالەم ئالدىدا كارامىتىڭنى كۆرسىتىسەن. مۇبادا مولال قىاللمىساڭ، شۇ مەيداندا كالالاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن! — دەپتۇ پادىشاھ.

مۇدەررىس بېشىنى سىلىپ، ئوردىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆيىگە كېلىپ، جايناماز ئۈستىدە خۇداغا مۇناجات قىلىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە غىزامۇ يېمەپتۇ. بۇ دەرىجىدە قايغۇغا چۆكۈپ يىغا - زار قىلىشى ئۆيىدى-

كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپتۇ. بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ:

— جېنىم دادا، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ياش تۆكۈشتىن باشقىنى بىلمەيسەن. نېمە بولدى، بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟ ئېيتقىن، — دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ. ئاخىر مۇدەررىس بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مۇدەررىسنىڭ خوتۇنى ئىنتايىن قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ، ئەمما قىزى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ: «چارە تېپىلىدۇ، ئەقىل ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇشمىز كېرەك» دەپتۇ. ئاخىر ئۇ ئويلا — ئويلا مۇنداق بىر چارە تېپىپتۇ: مۇدەررىسنىڭ بىر ئېشىكى بار ئىكەن، ئېشەككە ئەتىگەندىن چۈشكىچە ھېچ نەرسە بەرمەپتۇ. چۈشتىن كېيىن قىز بىر كىچىك شىرەنى ئاچىقىپ ھويلىغا قويۇپتۇ، ئۈستىگە يوغان بىر كىتابنى قويۇپ، كىتابنىڭ ئۈستىگە بىر چاڭگال قوناقنى تۆكۈپ قويۇپ، ئېشەكنى ئېغىلدىن



چىقىرىپ قوناقنى كۆرسىتىپتۇ. ئېشەك ئاستا پۇراپ قوناقنى بىرنى قويماي يەپتۇ. ئېشەكنى ئېغىلغا سولاپ، كىتاب ئۈستىگە يەنە قوناق تۆكۈپ قويۇپ، ئېشەكنى چىقارغانىكەن، ئېشەك ئۇدۇل شىرە ئالدىغا كېلىپ، قوناقنى يەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كەچكىچە بۇ ئىشنى تەكرارلاپتۇ. ئەتىسى قىز ئېشەكنى شىرە ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئېچىپ ئارىسىغا بىر چاڭگال قوناقنى تۆكۈپ مۇقاۋىنى يېپىپ قويۇپتىكەن، ئېشەك قېلىن كالپۇكلىرى بىلەن مۇقاۋىنى ئېچىپ قوناقنى يەپتۇ. بۇ ھەرىكەتنى بىر كۈن مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇقاۋىغا ۋە بىرنەچچە بەتنىڭ ئىچىگە قوناق تۆكۈپ قويۇپ ئېشەكنى چىقارغانىكەن، ئېشەك ئۇياق ـ بۇياققا قارىماي توپتوغرا كىتابنىڭ قېشىغا كېلىپ ئالدى بىلەن مۇقاۋىنى، ئاندىن كېيىن ھەربىر بەتلەرنى ئېچىپ قوناقلارنى يەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېشەك كىتابنىڭ ھەممە ۋاراقلىرىنى كالپۇكلىرى بىلەن بىرمۇبىر ۋاراقلاپ چىقىشنى ئۆگىنىپتۇ.

بىر ئاي توشۇپتۇ، مۇدەررىس ئېشەكنى يېتىلەپ، قىزى شىرەنى كۆتۈرۈپ، خوتۇنى كىتابنى قولتۇقلاپ، پادىشاھ بەلگىلىگەن سورۇنغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھمۇ ۋەزىر ـ ئەمىرلىرى بىلەن چىقىپتۇ، كاللا كېسەرلەر سەپ تۈزۈپ تۇرۇپتۇ. پۇقرالار: «ھەي بىچارە ئاخۇنۇم، ياۋاش ئىدى، بۈگۈن يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان بولدى» دەپ

مۇدەررىسكە ئېچىنىپتۇ. پادىشاھ بىر ۋەزىرگە قاراپ ئىشا-
رەت قىلغانىكەن، ۋەزىر ئالدىغا چىقىپ:

— ئى خالايىق، بۇگۇن بۇ يەردە شاھزادىگە ھاقارەت كەلتۈرۈشكە پېتىنغان بۇ مۇدەررىسكە شاھىمىزنىڭ ئادىل-لىقى بىلەن ئوتتۇز كۈن مۆھلەت ئىچىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش بۇيرۇلغانىدى، كۆرسىتەلمىسە، كاللىسى ئېلىن-ىدۇ! — دەپ جاكارلاپتۇ.

قىز سالماق قەدەم بىلەن شىرەنى يەرگە قويۇپتۇ، ئاندىن ئاپىسىنىڭ قولىدىن كىتابنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن كەينىگە يېنىپتۇ. مۇدەررىس تىپىرلاپ تۇرغان ئېشەكنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئى خەلقئالەم، ئۆمرۈم ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتتى، سىلەرگە ياخشى خىزمەت قىلالمىدىم. ھازىر مېنى ناھەق ئۆلۈم كۈتمەكتە، سىلەردىن رازىلىق تىلەيمەن. ئەمما، مەن شاھزادىگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. شاھزا-دىنى ئالتە ئاي ئوقۇتۇپ «ئېلىپ»نى چوماق دېگۈزەلمەي پادىشاھتىن ئاھانەت ئىشىتتىم. شۇ چاغدا، ئەگەر مۇشۇ ئالتە ئاي جەريانىدا ئېشەككە ئەجىر قىلغان بولسام، ئې-شەك موللا بولار ئىدى، دېدىم. لېكىن، پادىشاھىم ئېشەكنى موللا قىلىشىم ئۈچۈن ئالتە ئاي ئەمەس، بىر ئاي مۆھلەت بەردى، بۇ تېخى ئادىللىق ئىمىش. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئەجىر قىلىۋىدىم، بىكار كەتمىدى، مانا كۆ-رۈڭلار! — دەپ ئېشەكنى قويۇۋېتىپتۇ.

قورسقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن ئېشەك كىتابنىڭ قېشىغا ئوقتەك كېلىپ، مىختەك تۇرۇپ، مۇقا-ۋىنىڭ سىرتىنى پۇراپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇقاۋىنى ئەپلىككىنە ئېچىپتۇ، ئاندىن كىتابنى بىرىنچى بەتتىن تارتىپ ئاخىرىغىچە كالپۇكلىرى بىلەن ۋاراقلاپ چىقىپتۇ، ھەربىر بەتنى ئاچقاندا پۇراپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىدىكەن، بۇ جامائەتچىلىككە ئېشەك خۇددى كىتاب ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپتۇ. پۈتۈن مەيدان دولقۇنلاپ كېتىپتۇ. پادىشاھمۇ ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي قاپتۇ. ئېشەك قوناق تەمەسىدە كىتابنى چالا قويماي ۋاراقلاپ چىققاندىن كې-يىن، ئوقۇپ بولدۇم دېگەندەك قىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. مۇ-دەررىسنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ قالغان پادىشاھ رەسۋاچى-لىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن:

— سەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالماي-سەن، چۈنكى سېنىڭ ئېشىكىڭ پەقەت كىتاب ۋاراقلاشتىن باشقا بىرەر ئېغىز نەرسە دېمىدى، شۇڭا بۇنى ئېشەكنى موللا قىلدى دېگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ مۇدەررىسكە. پا-دىشاھنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك چىدىيالماي قىلغان بۇ گېپىنى ئاڭلىغان مۇدەررىسنىڭ قىزى:

— سەلتەنەتلىك شاھىم، ئۆتكۈر كۆزىڭىزدىن ۋە دانا-لىقتا تېپىلغۇسىز تەپەككۇرىڭىزدىن شۇ نەرسە قېچىپ قۇ-تۇلمىغايكى، تىل بىلەن يارىتىلغان ئىنسان ئالدىدا، تىل-سىز ھايۋاننىڭ شۇ دەرىجىدىكى تىرىشچانلىقىمۇ يېتىپ

ئاشىدۇ. ئەگەر ئىشەكتە شاھزادىنىڭ تىلى بولسا ئىدى، با-
يا ئوقۇغانلىرىنى سۇدەك ئۈنلۈك ئوقۇپ، ئادالەت بابىدىن
ئۆمۈرلۈك دەرس ئۆتكەن بولاتتى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى
ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ غىڭ - پىڭ
قىلالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ تەدبىرلىك قىز تەدبىرچان-
لىقى بىلەن ئاتىسىنى زالىم پادىشاھنىڭ قانلىق قىلىچى
ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ، مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنتۇلماي كەلگەن بۇ
ھېكايىنى قالدۇرغانىكەن.

## زىرەك بىلەن زىرىككەك

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتا ـ بوۋام زامانىسىدا باشقا ـ باشقا ئىككى جايدا بىرى ياشقا تولغان، بىرى باشقا تولغان ئىككى ئادەم بولغانىكەن. كىچىكىنىنىڭ لەقىمى زىرەك، چوڭىنىنىڭ لەقىمى زىرىككەك ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زىرىككەك شەھەرگە سودىغا مېڭىپ-تۇ. يولدا كېتىپ بارسا، ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق يېگىت ناخشا ئېيتىپ كېلىپ قوشۇلۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى زىرەك ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دەپتۇ زىرەك. زىرىككەك لام ـ جىم دىمەپتۇ.

بۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، زىرىككەك زىرىكسىمۇ زى-رەككە زادى قارىماپتۇ، يول زادى ئاۋۇماپتۇ. ئاخىر زىرەك:

— تاغا، يول ئۇزىراپ كەتتى، ھېرىپمۇ كەتتۇق، يول-نى قىسقارتمايلىمۇ؟ — دەپتۇ. زىرىككەك ھەيران بولۇپ:

— ماۋۇ تېتىقسىزلىقنى، يولنى قانداق قىسقارتقىلى بولىدۇ؟ ! — دەپ خاپا بوپتۇ. زىرەك:

— مېنىڭ گېپىم تېتىقسىز ئەمەس ئىدى. خەير، ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇلار يەنە مېڭىپتۇ، لام - جىم دېيىشمەپتۇ، سەپەر يەنە كېلىشمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كېتىپ بارسا، بۇلارغا يول بويىدا تازا ئوخشىغان بۇغدايلىقلار ئۇچراپتۇ. زېرەك بۇغدايلارغا زوقلىنىپ قاراپ:

— تاغا، مۇشۇ بۇغدايلار دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كىرەرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. زېرىككەك خاپا بولۇپ، تېرىكىپ كېتىپتۇ.

— بەللى - بەللى، ئەقلىڭگە بارىكاللا! ئەمىسە دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كىرمەي، شۇنچە بۇغداينى چاشقان توشۇپ كېتەرمىدى؟! — دەپ سەكرەپ كېتىپتۇ. زېرەك تېرىكمەستىن:

— گەپنىڭ تېگى چاشقاندا ئەمەس، چاشقاندىنمۇ ئاشقاندا، — دەپ كۈلۈمسىرەپتۇ. زېرىككەك:

— بەس، ئەمدى ئېيتىشماق — قاملاشمىغان تېپىشماق، — دەپتۇ - دە، ئۇزاققىچە گەپ قىلماي مېڭىپتۇ. زېرەك يانداپ مېڭىپ:

— ئىنىڭىز سىزگە ھەمراھ، زېرىكمەڭ، — دەپ ئاستا يەنە كېلىشىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار يەنە مېڭىپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندە بىر شەھەرگە يېقىن كەپتۇ، قارىسا، بىر توپ خالايىق جىنازا كۆتۈرۈپ، چىراي-يىدا غەم، كۆزلىرىدە نەم، تۇپراق بېشىغا كېتىپ بارغۇدەك. بۇنى كۆرگەن زېرەك چوڭقۇر بىر «ئۇھ» تارتىپ:

ــ تاغا، ئاشۇ جىنازىدىكى ئۆلۈكمىدۇ، تىرىكمىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئال ھەممىدىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ، زېرىككەكىنىڭ ئاچچىقىمۇ تېرىلىرىدىن تېشىپ چىقىپتۇ ــ دە:

ــ ھە، ئەخمەقنىڭ بوۋىسى مانا ئەمدى چىقتى. ئۇكا، سېنى بالىمىكىن دېسەم، ساقىلىڭ چىقىپ قاپتۇ، قېرىپ ئالجىدىمىكىن دېسەم، تېخى ياش تۇرسەن. لېكىن، ياش بولساڭمۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئەخمەقلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىپسەن. جىنازىغا كىرگەن ئۆلۈك بولماي، تىرىك بولامدۇ؟ خۇدايا پەرۋەردىگار، ئەخمەقلەرگە يولۇقۇشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ! چۇھ ! ــ دەپ ئېتىنى قامچىلاپ قاچقىلى تۇرۇپتۇ. زېرەك ھەيران بولۇپ:

ــ توختاڭ، تاغا، توختاڭ ! قانداقلىكى بولمىسۇن،



بىرقانچە كۈن ھەمسەپەر بولۇپ قالدۇق، خوشلاشماي ئايرىلىش نامەردلىك. ئۆيىڭىزگە ئالدىرامسىز؟ — دەپتۇ. زىرىككەك توختاپتۇ، «ئۆي» دېگەن سۆزىدىن بىرنەرسىنى ئويلاپتۇ. راست، ھەرقانداق بولسا، بىرقانچە كۈن ھەمراھ بولدۇق. ئەمدى ئۆيۈمگە يېقىن كەلگەندە تاشلاپ كەتسەم سەت بولار. ئۇ‌غۇ بىر ئەخمەق، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بىر پىيالە چاي بېرىپ ئاندىن يولغا سالاي، دېگەن خىيالغا كەپتۇ.

— ئۇكا، ئەمدى ئەخمىقانە سۆزلىرىڭنى قوي، جومۇ. ماۋۇ بولسا شەھەر. سېنىڭ ساراڭغا ئوخشاش سۆزلىرىڭنى خەقلەر ئاڭلاپ قالسا، ئۇيات بولىدۇ. خەير، ئۆتكەن سۆزلەرنى تەگىمەيلى. سەپىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى، ئەمدى، سەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، بىر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭغىن، يۇر، — دەپتۇ. زىرەك:

— رەھمەت، تاغا، كۆڭلۈمنى شۇنچىلىك ئىستىگىنىڭىزگە. مەن مۇشۇ بوستاندا بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ، سالقىن چۈشەرگە يېقىن يولۇمغا چۈشۈۋالاي، — دەپ زىرىككەكنىڭ ئۆيگە يېقىن بىر ئۆستەڭ بويىدا قاپتۇ. زىرىككەك يەنە بىر تەكلىپ قىلا - قىلمايلا زېرىكىپ: «خەير» دەپتۇ - دە، ئايرىلىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئۆيگە بېرىپ چېيىنى ئىچە - ئىچمەيلا: «ئەستاغپۇرۇللا!» دەپ غودۇڭشىپتۇ. خوتۇنى:

— يەنە نېمە ئەستاغپۇرۇللا؟ — دەپ قىستاپ سوراپ-

تۇ. زېرىككەك:

ــ سەن بۇنى سورىماي، ئاشقا تۇتۇش قىل، مەن يولدا بولغان بىر ئىشقا مۇشۇ تۇرقىدا ئۆيدە تۇرۇپمۇ تېرىكتۈۋاتىمەن... ــ دەپتۇ. خوتۇنى:

ــ ئاشنى قىزىم ئېتىۋاتىدۇ، يولدا نېمە ئىش بولغاندى؟ ــ دەپ تېخىمۇ قىستاپتۇ. ئېرى يا زېرىككىشىنى بىلەلمەي، يا تېرىكىشىنى بىلەلمەي، ئاخىر زېرەكنىڭ يولدا ئېيتقان سۆزلىرىنى خوتۇنىغا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇنىمۇ: «ۋىيەي، راستلا، بۇ قانداق گەپ؟!» دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

زېرىككەكنىڭ دۇنيالىقتا بارى ـ يوقى بىرلا قىزى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، چېچەن، ئەقىللىق قىز ئىكەن. ئۇ قىز تاماق قىلغاچ، دادىسىنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى يىگىتنىڭ ھەممە «غەلىتە» سۆزلىرىنى ئاڭلىۋاپتۇ، مەستلىكى كېلىپ، ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادىسىنىڭ گېپىنىڭ بىر يېرىدىكى: «ئۆزى بولمىسا، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان... ناھايىتى ئىسكەتلىك يىگىت ئىكەن...» دېگەن سۆزلىرىدىن قىيامىغا يېتىپ قالغان بويىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋاپتۇ. دادىسى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ: «دۇنيادا شۇنداق ئەخمەقلەر بولىدىكەن» دېگەن ۋاقىتلىرىدا، قىز: «ياق، دادا، ئۇ دانا يىگىت!» دەي دەپ يەنە سۆزىنى توختىتىۋاپتۇ، كېيىن، ئۆزىمۇ بىر سىناپ باقسام... دەپ كۆڭلىگە بىرنەرسىنى پۈكۈپتۇ. ھاردۇق ئېشىنى دادىسىغا

ئۇسۇپ ئەكىرىپ بېرىپتۇ، ئاندىن: «ھەرنېمە بولسا مۇسا-پىر ئىكەنغۇ» دەپ ئانىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئاش-تىن بىر قاچا ئۇسۇپ، بىر نان بىلەن ئۇستىنى يېپىپ، قوشنىسىنىڭ بالىسىدىن يىگىتكە ئەۋەتىپتۇ، ئەۋەتكەندە، دەرۋازا ئالدىدا بالىغا يېقىن تۇرۇپ، ئاستا: «ئۇكام، سەن بۇ غىزانى ئاۋۇ... ئۆستەڭ بويىدىكى... يولۇچى ئادەمگە، سىلى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىشىنىڭ قىزى ــ ئاچام ئەۋەتتى، دەپ بەرگىن. نېمە دەپ بەردى، دېسە، ئاسماندا يۇلتۇز تولۇق، ئاي پۈتۈن، دەپ بەردى، دېگىن. ئاشنى ئى-چىپ بولغاندا، قاچىنى ياندۇرۇپ كەلگىن. ياناردا ئۇ ئاكاڭ ساڭا نېمە دېسە، شۇنى ئۇنتۇماي ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دەپ ئۇبدان جېكىلەپ ئەۋەتىپتۇ.

بالا يولدا كېتىپ بېرىپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، يۇمىلاقسۇتلۇك ئوخشىغان چۆچۈرە، ئۇستىدە سى-يادانلىق يۇمشاق نان... ئۇ بالىنىڭ قورسىقى ئاچلىقتىنمۇ يا ئۇبدان كۆرگەنلىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئېرىق بويىدا ئول-تۇرۇپ، چۆچۈرىدىن بىرقانچىنى ھېلىقى ناننىڭ يېرىمى بىلەن يەپ، قالغان يېرىم نان بىلەن ئاشنىڭ ئۇستىنى يە-نە يېپىپ، چاندۇرماي ھېلىقى يولۇچىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. يىگىت بىر خۇشال، بىر ھەيران بولۇپ، ئاشنىڭ ئۇستىنى ئېچىپتۇ، بالىدىن ھېلىقى ئېيتىپ بەرگەن سۆزنى ئاڭلاپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاشنى ئىچىپتۇ، قاچىنى قايتۇراردا:

ــ ئۇكام، رەھمەت ! ئەمدى سەن بارغاندا، ئاچاڭ،

نېمە دېدى، دېسە، كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، يولتۇز كەم، ئاي يېرىم، دېدى، دېگىن، ــ دەپتۇ. بالا ئىشنىڭ چىنىپ قالمىغىنىغا خۇشال بولۇپ، يىگىتنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاچىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز: «ھە...» دەپ كۈلۈپتۇ ـ دە، بالىنى يۇمشىتىپ چىرايلىقچە سوراپتۇ، سورىغاندا، بالا بىرئاز قىزىرىپ، ئاخىر يولدا بارغۇچە چۆچۈرىدىن بىرقانچىنى، ناننىڭ يېرىمىنى يەۋېلىپ، قالغىنىنى ئاپارغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز ئاندىن يىگىتنىڭ ئەقىللىق، زېرەك يىگىت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىپ، قانداق قىلسام ئۇ يىگىتنى بىر كۆرەرمەن، دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

قىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، دادىسى يەنە ھېلىقى يىگىتنىڭ گېپىنى قىلىپ كېلىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا: «دۇنيادا شۇنداقمۇ ئەخمەقلەر بولىدىكەن...» دەپ كۈلۈپتۇ. قىز ئەمدى تۇرالماي:

ــ دادا، كۈلمەڭ. مەن ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم، سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، ئېيتىپ بەرسەم. ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى جايىدا، ناھايىتى مەنىلىك سۆزلەر ئىكەن، ــ دەپتۇ. ئاتا قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلا ـ ئاڭلىماي يەنە زېرىكىپتۇ، ھەيران بولۇپ تېرىكىپتۇ:

ــ ھە... مانا، ئانىسى، سۆزلىرىنى بىرلا ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى بۇ قىزىمىزغا يۇقۇپتۇ، ــ دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئانا:



ــ قېنى، توخ-
تاپ تۇرسىلا، ئاڭلاپ
باقايلى، قىزىمىزمۇ
بىرنەرسىنى بىلىپ
ئېيتقاندۇ، ــ دېيە-
شىگە، ئاتا:
ــ ھە، ئەخمەق-
لىق تىخى ساڭىمۇ يۇ-
قۇپتىكەن - دە، ــ
دەپ تېخىمۇ كۈلۈپ
كېتىپتۇ. قىز ئۆز
گېپىدىن يانماي، تې-
خىمۇ چىڭكىپ:
ــ ئاتا، مېنىڭمۇ سۆزۈمنى بىر تىڭشاپ باقسىڭىز...
ــ دەپ ئىلتىجا بىلەن يېلىنىپتۇ. ئاتا ئاخىر:
ــ خەير، قېنى دانىشمەن بولساڭ، شۇ سۆزلەرنىڭ
مەنىسىنى سەنمۇ بىر ئېيتىپ باق ! ــ دەپتۇ. ئاتىسىنىڭ
رۇخسىتىنى ئېلىش بىلەن، قىز:
ــ «يولنى قىسقارتمايلىمۇ؟» دېگىنى ــ ھېكايە-
چۆچەك ئېيتىشىپ، مۇڭدىشىپ ماڭايلى، دېگىنى؛ «ئاشۇ
بۇغدايلار دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كىرەرمۇ؟» دېگىنى ــ
بۇغدايلارغۇ ئەمگەك بىلەن شۇنچە ئوخشاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ
ھوسۇلى كۆزدە باي - غوجاملارغا قەرزگە، قالغان - قات-

قىنى ئامبال بىلەن رەممالغا كېتىپ، دېھقانغا يەنە ھېچنې-
مە تەگمەي قالارمۇ دېگىنى؛ «جىنازىدىكى ئۆلۈكمىدۇ، تى-
رىكمىدۇ؟» دېگىنى — شۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ بالىلىرى
بارمىدۇ يا بولمىسا ئارقىسىدا قالغان ياخشى كىشىلەرمۇ
يوق، ئوبدان ئىشلارمۇ يوق، ھەقىقىي ئۆلۈكمىدۇ دېگىنى، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاتا بۇ قېتىمقى گەپلەرنى زېرىكمەي
ئاڭلىغىنى ئۈچۈن، قىزى قىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە
يېتىپ قايىل بوپتۇ. ئانىمۇ قىزىنىڭ سۆزلىرى كۆڭلىگە
يېقىپ:

— ھوي جېنىم بوتام، ئەقلىڭدىن ئۆرگەلسۇن ئا-
ناڭ ! — دەپ باغرىغا بېسىپتۇ. شۇ يەردىن ئاتا ئۆستەڭ
بويىغا بېرىپ:

— ئىنىم، سەن خىزىر قوشقان ھەمراھ ئىكەن-
سەن، بىلمەپتىمەن ! — دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ، بىرنەچچە
كۈن مېھمان قىپتۇ. قىز تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.
بىر كۈنى يىگىت:

— ئەمدى مەن ئۆز يۇرتۇمغا كەتسەم، — دېگەنىكەن،
قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى:

— جېنىم بالام، ئەمدى سەن يالغۇز بېشىڭنى ئېلىپ
نەگە بارىسەن؟ ئۇ يۇرت، بۇ يۇرت، بەربىر ئۆز يۇرت....
ئەمدى سەن بىزگە... ئوغۇل بولۇپ قالغىن، — دەپ پىشا-
نىلىرىگە سۆيۈپ ئېلىپ قاپتۇ.

## دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ

قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە ئادىل ئىسىملىك بىر پا-دىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئوقۇمۇشلۇق، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، پاراسەتلىك، خەير-ساخاۋەتلىك، پاك-ديانەتلىك ئىكەن، يېتىم-يېسىر، يوقسۇللارغا يۆلەكچى-كەن، ئىچى تار، ھەسەتخور، غەيۋەتخور كىشىلەرگە قىلىدى-غان مۇئامىلىسى بۆلەكچىكەن. پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدىن شەھەردىكى خەلق رازى ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوردا ئەھلىلىرى بىلەن ئوردا خىزمەتلىرى ئۈستىدە كېڭىشىۋاتسا، بىر دىۋانە ئوردا ئىد-چىگە كىرىپ كەپتۇ-دە، پادىشاھقا تىزلىنىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئەسسالام، ئەي پادىشاھىم، دەريا ئەزىمدۇر ھىممە-تىڭ، دۈشمەنلىرىڭ خارۇزار بولسۇن، كامالەت تاپسۇن قۇدرىتىڭ، ئامىن! — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

پادىشاھ دىۋانىنىڭ ئوردىغا ھېيىقماستىن كىرىپ نەز-مە ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ، دىۋانىنى سىناپ باقماقچى بوپ-

تۇ ـ دە:

ــ قەيەردىن كەلدىڭ؟ سەپىرىڭ قاياققا؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھرىدىن كەلدىم، لاماكانغا بارىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىۋانە.

پادىشاھ گەپ ـ سۆز قىلماستىن دىۋانىگە بىر قاراپ قويۇپتۇ ـ دە، باش كىيىمىنى ئۇچۇشقان بولۇپ بېشىنى تۇتقانىكەن، دىۋانە ئاغزىنى تۇتۇپتۇ؛ پادىشاھ يۈزىنى سىلىغانىكەن، دىۋانە قورسىقىنى تۇتۇپتۇ؛ پادىشاھ ئالتۇن كەمىرىنى ئۇچۇشقان بولۇپ قورسىقىنى تۇتقانىكەن، دىۋانە دەرھال پۇتىنى تۇتۇپتۇ.



پادىشاھ دىۋانىنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە خەزىنىدارغا:

ــ سىز بۇ كىشىگە يەتتە لىگەن ئالتۇن بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇڭ، ــ دەپ ئەمر قىپتۇ.



بۇ ئىشتىن ئوردا ئەھلى ھەيران قاپتۇ. ئوردىدا ھەسەتخور، ئۆزى تويسا كۆزى تويمايدىغان، ئۆزىنىلا

ئويلايدىغان بىر ۋەزىر بولۇپ، پادىشاھنىڭ دىۋانىگە قىلغان خەير ــ ساخاۋىتىدىن كۆزى قىزىرىپ، ئىچى ئېچىشىپتۇ ۋە پادىشاھقا:

ــ شاھىم، بىر دىۋانىگە بىكاردىن ـ بىكارغا يەتتە لىگەن ئالتۇننى بېرىۋەتتىلىغۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ۋەزىر، ــ دەپتۇ پادىشاھ، ــ ئۇ ئىلىم ـ ھېكـ ـمەتتە يېتىشكەن، دانىشمەن كىشىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا يەتتە لىگەن ئالتۇن ئىنئام قىلدىم.

ــ شاھىم، بىھۆرمەتلىك بولسىمۇ سوراپ باققۇم كەلـ ـدى، ئۆزلىرى ئۇنىڭ دانىشمەن ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىـ ـلىكىن؟ ــ دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇيۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ مەن سورىغان مەسىلىلەرگە ئۇ توغرا جاۋاب بەرـ ـدى، شۇڭا ئىنئام بېرىش زۆرۈر كەلدى، ــ دەپتۇ. شاھـ ـنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىگەن ۋەزىر:

ــ ئۇلۇغ شاھىم، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇدەك بولمىدىلىغۇ؟ ــ دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تولىمۇ پاراسەتسىز، ھەسەتخور ئىـ ـكەنلىكىنى كۆرۈپ، دىۋانىدىن سورىغان مەسىلىلەرگە ئۇـ ـنىڭ جاۋاب بېرىشىنى، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئورنىدىن قوغلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھ ئالدىدا تىزـ ـلىنىپ يالۋۇرۇپ، ئۆچ كۆڭلۈك مۆھلەت سوراپ ئورنىدىن چىقىپتۇ ۋە دىۋانىدىن پادىشاھنىڭ سورىغان سوئاللىرىنى

ۋە دىۋانىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ۋەزىر ئاتلىق خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن دىۋانىگە يېتىشىپتۇ-دە:

— ھەي دىۋانە، پادىشاھ ساڭا نېمە دېدى؟ سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دىۋانە ۋەزىرنىڭ تولىمۇ پاراسەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ:

— تەقسىر، شاھىم مەندىن سوئال سورىغاندا سىلىمۇ بار ئىدىلىغۇ؟ — دەپتۇ. ۋەزىر سەل ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، يەنە دىۋانىگە ھەيۋە قىلىپ:

— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، زادى پادىشاھ ساڭا





نېمە دېدى؟ سەن نېمىدەپ جاۋاب بەردىڭ؟ ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. دېۋانە تەمكىنلىك بىلەن:

ــ تەقسىر، پادىشاھ ماڭا يەتتە لېگەن ئالتۇن ئىنئام قىلدى. ئەگەر سىلى راستىنلا پادىشاھنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، مېنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى بىلمەكچى بولسىلا، ئالدى بىلەن سىلىمۇ يەتتە لېگەن ئالتۇن بەرسىلە، ــ دەپتۇ. ۋەزىر نائىلاج دېۋانىگە يەتتە لېگەن ئالتۇن بېرىپتۇ. دېۋانە ئالتۇننى ئالغاندىن كېيىن:

ــ پادىشاھ مەندىن ئىشارەت بىلەن بىرىنچى قېتىم: «باش نېمىدىن كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «ئېغىزدىن» دەپ جاۋاب بەردىم؛ ئىككىنچى قېتىم: «يۈز نېمىدىن كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «نەپسانىيەتچىلىكتىن» دېدىم؛ ئۈچىنچى قېتىم پادىشاھ: «قانداق كىشىنىڭ قورسىقى ئاچ قالمايدۇ؟» دېگەنىدى، مەن: «پۈتىنى ئىتتىك قىلغانىنىڭ» دەپ جاۋاب بەردىم، ــ دەپتۇ ـ دە، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ۋەزىر دېۋانىنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بەرگەن ئالتۇنغا ئىچى ئېچىشىپ، ئالتۇننى تارتىۋېلىش غەرىزىدە دېۋانىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپتۇ ۋە ئات ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە:

ــ ھەي دېۋانە، مەن سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاب بېرەلىسەڭ، يولۇڭغا ماڭىسەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ، ئالتۇنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىسەن، ــ دەپتۇ.

دىۋانە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:
— تەقسىر، قانداق يەردە سوئال سورىغۇچى ئات ئۈستىدە، جاۋاب بەرگۈچى پەردە تۇرىدىكەن؟ — دەپتۇ.
پۈتۈن ئەس - يادى ئالتۇندا قالغان ۋەزىر، مەن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، ھاپىلا - شاپىلا ئاتتىن چۈشۈپ، دىۋانىگە ئىتتى بىلەن قامچىسىنى بېرىپتۇ. دىۋانە ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:
— تەقسىر، قېنى، قانداق سوئال سورايلىكىن؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:
— كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قانچە كۈنلۈك يول؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاران بىر كۈنلۈك يول، — دەپتۇ دىۋانە.
— سەن تۇتۇلدۇڭ، مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىسى نەچچە يۈز يىللىق يول تۇرسا، بىر كۈنلۈك يول دەيسەنغۇ؟ — دەپتۇ ۋەزىر.
— تەقسىر، ئۆزلىرى دىگەن كۈن، بىر چىقىپ، نەچچە يۈز يىلدا پاتامدۇ ياكى ئەتىگىنى چىقىپ، ئاخشىمى پاتامدۇ؟ — دەپتۇ دىۋانە تەمكىنلىك بىلەن. ۋەزىرنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، سورىماقچى بولغان ئىككىنچى سوئالىنى سوراپتۇ:
— ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقى قانچە كۈنلۈك يول؟
— كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك يول، تەقسىر، —

دەپتۇ دىۋانە.

ــ سەن خاتالاشتىڭ! بەش يۈز يىللىق يول قانداقمۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك بولسۇن؟! ــ دەپتۇ ۋەزىر.

ــ مەن خاتالاشمىدىم، تەقسىر، كۆزلىرىنى بىر يۇ-مۇپ، ئاسمانغا قاراپ ئاچسىلا قېنى، ئاسماننى كۆرەملا-كۆرمەملا؟ ــ دەپتۇ دىۋانە مەغرۇر هالدا. ۋەزىر ئامالسىز قاپتۇ ـ دە، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

ــ خۇدا هازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ــ دەپتىكەن، دىۋانە:

ــ تەقسىر، خۇدانىڭ هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىد-قىنى بىلمەيۋاتامىلا؟ بىلىپ قويسىلا، ياراتقان ئاللا شۇ تاپتا ئاتلىقنى پىيادە، پىيادىنى ئاتلىق قىلدى، بۇنىڭغا ئۇنىمى-سىلا، مانا مۇشۇ قامچىغا مۇپتىلا قىلدى، ــ دېگىنىچە ئۆزىنىڭ قامچىسى بىلەن ۋەزىرنىڭ ئۆزىنى راسا ساۋاپتۇ ـ دە، ئالدىغا سالغىنىچە قوغلاپ پادىشاه هۇزۇرىغا هەيدەپ ئەكىرىپتۇ ۋە بولغان ئىشنى ئايان قىپتۇ.

پادىشاه ۋەزىرنىڭ ئاچ كۆز، هەسەتخورلۇقىدىن نەپرەت-لىنىپ، ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ، دىۋانىنى بول-سا، ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دانىشمەن دىۋانە ۋەزىر بوپتۇ. پادىشاه ئۇ-نىڭ مەسلىهەتىدىن چىقماي، يۇرتنى ئېخمۇ ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ، خەلق بولسا، خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ.

# مېيىپ بالا

بۇرۇنقى زاماندا، نامى مەشھۇر ماكاندا ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر جۈپ ئەر - ئايال بولۇپ، ئۇلار ئىناق ياشاي-دىكەن، ھال - ئوقەتتىمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا، ئالتە كۈندە گۆشلۈك تاماق، ھەپتىدە بىر پولۇ ئەتكۈدەك، كەلگەن مېھمان كۈتۈنۈپ رازى بولۇپ كەتكۈدەك ئىكەن. شۇغىنىد-سى، ئۇلار ئون يىل ئۆي تۇتۇشقان بولسىمۇ، پەرزەنت يۈ-زى كۆرمەپتۇ. ئۇلار خۇدادىن كېچە - كۈندۈز پەرزەنت تى-لەپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ زارى خۇداغا يېتىپ پەرزەنت ئاتا قىلىپتۇ. ئەپسۇس، ئەپسۇس، مىڭ ئەپ-سۇس... پەرزەنتنىڭ كۆزى كۆرمەس، تىلى سۆزلىمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس ئىكەن.

ئەر - ئايال ئىككىلىسى: «ئى خۇدا، تىلىكىمىزنى ئىد-جابەت قىلىپ پەرزەنت ئاتا قىلدىڭ. بۇ نارەسىدىدىن كۆز، قۇلاق، تىل، قول، پۇتنى نېمىشقا ئايىغانسەن؟» دەپ، نالە قىلىپ ئىچ - ئىچىدىن يىغلايدىكەن...

مېيىپ بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئەر - ئايال ئۇنى

كوچىغا ئاچىقىپتۇ. خۇدانىڭ رەھمى كەلدىمۇ، ھېلىقى مې-
يىپ بالىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىش
ھامان مەكتەپتىن يانغان بالىلارغا ئالىيىپتۇ. ئۇنىڭ ئالد-
ىىشىدىن قورققان بالىلار قېچىپتۇ. ئۇشتۇمتۇت مېيىپ
بالىنىڭ قۇلىقى ئاڭلايدىغان، تىلى سۆزلەيدىغان، قولى تۇ-
تىدىغان، پۇتى باسىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بالىلارنىڭ ئار-
قىسىدا قالغان كىچىك بىر قىزغا: «ھازىر سېنى ئۇرۇشقا
ئاسماندىن ۋەھىي كەلدى» دەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا تاش ئې-
تىپتۇ، تاش قىزغا تېگىپ يىقىلىپ چۇشۇپتۇ. بۇنى ئاز
دەپ يۇگۇرۇپ بېرىپ تېپىپتۇ. ئاتىسى بىلەن ئانىسى مىڭ
تەستە ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:

ــ ئى پەرۋەردىگارىم، بۇنىڭ ئەسلىي پەيلى شۇم ئىكەن-
دۇق، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغكەن، ئەسلىدە بالىمىزنىڭ خۇي ـ پەي-
لىگە مېيىپلىك لايىق ئىكەن، ــ دەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ھې-
لىقى بالا قايتا كۆزى كۆر-
مەس، قۇلىقى ئاڭلىماس، تى-
لى سۆزلىمەس، قولى تۇت-
ماس، پۇتى باسماس بولۇپ
قاپتۇ.

«پەيلىگە يېقىپ پەيمانى»
دېگەن گەپ مانا شۇنىڭدىن
قالغانمىش.



# ئاپچىق ساۋاق

زامانىنىڭ زامانىسىدا ھىندى مەملىكىتىدىن ئۈچ نەپەر ھىندى باشقا ئەللەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاپ، سەپەر قىپتۇ. قارلىق تاغلار، پايانسىز ئوتلاقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ تىلىنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. پەقەت بۇلاردىن بىرى «بىزلەر» دېگەن سۆزنىلا ئېسىدە قالدۇرۇپتۇ. بۇ يەردىن زېرىككەن ھىندىلار يەنە بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ھەر كۈنى رەستە ئايلىنىش، ئادەملەر كۆپ يەرلەرگە بېرىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ھېيتگاھ مەيدانىغا كەلگەندە، بىر توپ كىشىلەرنىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھىندىلار: «ھە، مانا بۇ تىل ئۆگىنىشنىڭ ئوبدان پەيتى» دېيىشىپ، بۇ غوۋغاغا قۇلاق سېلىپ تۇرغاندا، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان ئاق ساقال ئادەم جېدەل قىلغانلارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىدە «بىر پۇل ئۈچۈن» دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلىنىپتۇ. جېدەللىشىۋاتقانلار

ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھىندىلار، بۇ خاسىيەتلىك سۆز بولسا كېرەك دەپ، «بىر پۇل ئۇچۇن» دېگەن سۆزنى ئېسىدە قالدۇرۇۋاپتۇ. بۇ شەھەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغان ھىندىلار يەنە باشقا شەھەرگە كەپتۇ، لېكىن بۇ يەردىمۇ ئەھۋال ئىلگىرىكىدەك بولۇپ، ئۇلار ھەر كۇنى كوچا ئايلىنىدىكەن. كۇن ئۆتۇپتۇ، ئاي ئۆتۇپتۇ، بىرەر ئېغىزمۇ سۆز ئۆگىنەلمەپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشۇپ ياقا سىقىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ تۇرۇشىغا، بىر ئەمەلدار كېلىپ: «ماڭ، خوتۇن تالاق» دەپتۇ. ئۇرۇشۇۋاتقانلار دەرھال ئاجرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھىندىنىڭ ئۇچىنچىسى بۇمۇ بىر خاسىيەتلىك سۆز بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بۇ سۆزنى يادلىۋاپتۇ. بۇ شەھەردىمۇ سۆز ئۆگىنىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ھىندىلار ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقىنىدا قىيما ـ چىيما قىلىنىپ ئۆلتۇرۇلگەن بىر جەسەتكە يولۇقۇپتۇ. بۇ جەسەتكە قاراپ ھەيران بولغان ھىندىلار ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدا، بىرقانچە يايىلارنى ئەگەشتۇرگەن پاششاپبېگى كېلىپ، جەسەت يېنىدا تۇرغان ناتونۇش ئۇچ ئادەمنى كۆرۇپتۇ.

ــ بۇ ئادەمنى كىم ئۆلتۇردى؟! ــ دەپ سوراپتۇ پاششاپبېگى.

ــ بىزلەر، ــ دەپتۇ ئۆگىنىۋالغان سۆزىنى تەكرارلاپ

ھىندىلارنىڭ بىرى.
— نېمىشقا ئۆلتۈرۈشتۈڭ؟!— دەپتۇ پاششاپبېگى غەزەپ بىلەن.
— بىر پۇل ئۈچۈن، — دەپتۇ يەنە بىر ھىندى.
— بىر پۇل ئۈچۈنمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشەمسەن؟! — غەزەپتىن پاششاپبېگىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.
پاششاپبېگىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ھىندىلار-نىڭ بىرى ئۆگىنىۋالغان سۆزىنى يەنە ئىشقا سېپتۇ:
— ماڭ، خوتۇن تالاق !
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان پاش-شاپبېگى بۇ ئۈچ ھىندىنى باغلىتىپ، باش - كۆزىگە قام-چىلىغىنىچە جەسەت بىلەن يامۇلغا ئەكېلىپ ئامبالغا مە-لۇم قىپتۇ. ئامبال بۇ ئۈچ ھىندىنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ:
— بۇ ئادەمنى قايسىڭ ئۆلتۈردۇڭ؟!



ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھىندىلار كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئامبالنىڭ سوئالنى تەكرارلانغاندىن كېيىن، ھىندىلاردىن بىرى:

— بىزلەر، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئۆلتۈرۈشتۈڭ؟! — دەپ سوراپتۇ ئامبال.

— بىر پۇل ئۈچۈن، — دەپتۇ ھىندىلاردىن يەنە بىرى.

— بىر پۇل ئۈچۈنمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن بارمۇ؟! — دەپتۇ ئامبال غەزەپلىنىپ.

— ماڭ، خوتۇن تالاق! — دەپتۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن يەنە بىر ھىندى.

غەزەپلەنگەن ئامبال بۇلارنى قىيناشقا بۇيرۇپتۇ. ھىندىلار قانچىلىك ئازابلانمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن «بىزلەر»، «بىر پۇل ئۈچۈن»، «ماڭ، خوتۇن تالاق!» دېگەن سۆزدىن باشقا سۆز چىقماپتۇ. ئاخىر بۇلارغا ئىشكەل، تاقاق سېلىپ، مەخسۇس قاتىللار ياتىدىغان زىندانغا سېلىشنى بۇيرۇپتۇ، بۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تەكشۈرۈش مەلۇماتىنى يۇقىرىغا يوللاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ھىندىستاندىن بىر سودا كارۋىنى ئامبالنىڭ قېشىغا نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن كەپتۇ. ئامبال سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ كارۋانلارغا زىياپەت بېرىپتۇ. ئامبال قارىسا، بۇ كارۋانلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى زىنداندا يېتىۋاتقان ھېلىقى ئۈچ «قاتىل»غا ئوخشايدىكەن. ئامبال ھەيران بولۇپ، زىنداندىن ھېلىقى ئۈچ

گۈناھكارنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. گۈناھكارلار سودا كارۋانلىرىنى كۆرۈپ يىغلاشقان ھالدا بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن - ئاياغ سۆزلىشىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئامبال بۇ ئۈچ ھىندىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ھەممەيلەن بۇ ئىشتىن ئاچچىق ساۋاق ئاپتۇ.

## پادشاھ بىلەن باققال

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ساۋۇت دېگەن بىر كەم-بەغەل باققال بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ناۋات ياساپ، غال-تەك بىلەن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدى-كەن. خوتۇنى ئايخان ئەمگەكچان، چىرايلىق ئايال بولۇپ، ئۇلار بەك كەمبەغەللىكتە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى ئايخان سۇ ئەكەلگىلى كوچىغا چىققاندا، بەختكە قارشى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مەككار ۋەزىر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ۋەزىر بۇ چىرايلىق ئايال-نى كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆ-يىنى بىلىۋاپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ زالىم بىر پادشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ قى-رىق بىر خوتۇنى بار ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بىرەر چىرايلىق قىز ياكى خوتۇننىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسىلا، زورلۇق بىلەن ئېلىۋالىدىكەن. ئۇ شۇ كېچىسىلا ۋەزىرى بىلەن بىرقانچە ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ، ئايخاننى زورلۇق

بىلەن ئۆز ئوردىسىغا ئالدىراپتۇ. ئايخان ئوردىدا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ھامان ئېرىنى ئەسلەيدىكەن، كۈن بويى قايغۇ ئىچىدە، پادىشاھقا بەكمۇ غەزەپلىنىدىكەن.



كەن. پادىشاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ چارى-لەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ.

ئايخاننى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئەكەتكەندىن كېيىن، ساۋۇت ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ بەكمۇ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئايخان بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تې-پىش ئۈچۈن، يەنە ناۋات ياساپ غالتەك بىلەن ئوردا تەرەپ-كە بېرىپتۇ. ئايخان ئوردىنىڭ ئىچىدە ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ - دە، ئېرىنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ خىزمىتىگە قويۇلغان كېنىزەك بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆ-رۈۋېلىپ، پادىشاھقا:

— ئايخان ناۋاتچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ناۋاتچىنى ئوردىغا ئە-كەپتۇ. ساۋۇت بۇنىڭ سىرىنى ئۇقالماي بەك قورقۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ جازالاش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ بىرئاز خاتىرجەم بوپتۇ. پادىشاھ ئايخاننى خۇشال قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن، ساۋۇتنىڭ كىيىم - كې-چەكلىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ، غالتەكنى ھەيدىگەن ھالدا ناۋاتچىدەك توۋلاپ، ئايخان تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئايخان پادىشاھنىڭ بۇ ھەرىكىتى-نى كۆرۈپ دەرھال بىر پىكىرگە كەپتۇ - دە، شۇئانلا ياساۋۇللارنى قىچقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىگانە كىشىنى ئۆيۈمگە يېقىن كەلتۈرسىلەر؟ ! ئەگەر پادىشاھ بىلىپ قالىدىغان بولسا، بىرىڭلارمۇ ساق قالمايسىلەر ! بۇ كىشىنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ! — دەپ توۋلاپتۇ. ياساۋۇللار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئايخان ئۆزىنىڭ ئېرىنى تېپىۋاپتۇ. ساۋۇت شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ.

ئوردىدىكىلەرنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، كىشىلەر پەقەت ئايخاننى پادىشاھقا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ، دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ شەپقەتلىك بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

## ئۆجمە سايىسى

بۇرۇن بىر يېزىدا بىر باي بولغانىكەن. بازارغا ئۆتىدىغان چوڭ يول ئۇستىدە ئۇنىڭ يوغان بىر ھويلىسى، ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ ئۆجمە دەرىخى بار ئىكەن. دەرەخنىڭ سايىسى چۈش ۋاقىتلىرىدا يولغا، ھويلىغا ۋە ھويلىنىڭ كەڭ شادىلىق ئايۋانلىرىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دېھقانلار ۋە يولۇچىلار ئىسسىق كۈنلەردە ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ، شۇ ئۆجمە سايىسىدە ھاردۇق ئېلىپ ئۆتمەكچى بولسا، باي چىقىپ:

— يوقىلىش، باشقا يەرگە بېرىپ سايىداش ... — دەپ قوغلايدىكەن.

شۇ يېزىدا ئەپچىلەم دېگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ يىگىت باينىڭ ئاشۇنداق پەس - پىخسىقلىقىغا غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ، قانداق قىلساق دەردىمىز چىقار، دەپ ئويلاپ - ئويلاپ «كۇلۇپتۇ»، قورساقتا بىر ئىش پۇكۇپتۇ، لېكىن قورسىقىدىكى جۇرنى چىقارغۇچە، كۈز ئۆتۈپ، قىش كەپتۇ، كەلگەندىمۇ قاتتىق كەپتۇ. «قىش ئۇچىقى تار، قوپ

ئۆيۈڭگە بار» دېگەندەك، ئاغىنىلىرى بىلەن مورا ئوچاق ئالدىدا مۇڭداشقۇدەكمۇ ياكى بىرەر دەردىنىڭ سىرىنى ئاچ- قۇدەكمۇ بولالماپتۇ، ئۇياقىقا يۈگۈرۈپ بېقىپتۇ، بۇياقىقا يۈ- گۈرۈپ بېقىپتۇ، جاڭگالدىن توغراق توشۇپ سېتىپتۇ، ئۇۋاقلىرىنى ئەكېلىپ ئوچاققا يېقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئاتا - ئانىلىرىنى بېقىپتۇ.

قورساقلار تارتىشىپ پەي بولغاندا، سۆڭەكلەردە يىلىك توگەپ نەي بولغاندا ئەتىياز كەپتۇ. باللار چېچەك تېرد- شىپ ئويناپتۇ، ئېتىزلاردا مۇڭلۇق ناخشا، تىرىكچىلىك قايناپتۇ، چۇغلۇقلار ئېچىلىپ، كاككۇك سايراپتۇ.

ئەپچىلەم ئېتىز يوللىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىد- شىپ، بىر تۇگۈنگە كېلىشىپ، كۆڭلى ئامان تېپىپتۇ، ئاندىن بىر كۈنى مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىپ شەھەرگە راۋان بوپتۇ:

بازار يولى يىراق يول،
تومۇزدا باللار يىغلايدۇ.
سايىدە ياتاي دېسەڭ،
بايلار چىقىپ قوغلايدۇ.

بۇ ئالەمنى كەڭ دەيدۇ،
بىلەلمىدۇق زادىلا.
ئالىقانچىلىك يەر تۇرماق،
يېتەلمىدۇق سايىغا.

ئەپچىلەم ماڭا ـ ماڭا قاق چۈشلەر بىلەن ھېرىپ ـ ئېچىپ، تەرگە پىشىپ، ھېلىقى باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۇلىشا ـ ئۇلاشمايلا ئىتلىرى قاۋاپتۇ. «ئۇھ !» دەپ ئۇجمە سايىسىگە ئۆزىنى تاشلىشىغا، باي چىقىپ توۋلاپتۇ:

ــ ھەي گاداي، ئەمدى سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟ ئۆت بۇياققا !

ــ باي ئاكا، بۇ كۆپچىلىك ئۆتىدىغان يول ئۇستىغۇ.

ــ يول كۆپنىڭ بولغان بىلەن ئۇجمىنىڭ سايىسى مېنىڭ.

ــ بىر ئاز دېمىمنى ئېلىۋالغانغا ئۇجمىلىرىڭنىڭ سا-يىسى تۈگەپ قالماس.

ــ تۈگەپ قالسا بولامتى ئەمىسە؟ ! ئۇجمە تىكىشىپ بەرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ ! بىلەمسەن، بۇ ئۇجمىنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقى بىر ئاق تەڭگىگە توختىغان !

ــ بۇ گەپچە، مەن پۇلىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپتى-مەن ـ دە؟

ــ توغرا، لېكىن پۇلنىڭ سايىسىدە باي ئادەم ئولتۇ-رىدۇ. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر پۇلۇڭ بول-سا، سەنمۇ ئولتۇرىسەن.

ــ پۇلۇم بولسا ئولتۇرامدىم؟

ــ ھە، ئەلۋەتتە.

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇجمىلىرىڭنىڭ سايىسىنى ساتامالا؟

ــ چوڭ سۆزلىمەي، يولۇڭغا ماڭساڭ بولارمىكىن !





ــ پۇلنىڭ چوڭ سۆزلىتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلـ-
مەملا؟

ــ ...

باي دۇدۇقلاپ قاپتۇ ۋە پۇلنى ئويلاپ جىم بوپتۇ، قۇلاقلىرى دىڭ بوپتۇ، ئاخىر تاقەت قىلالماي، تىلى سۆز-
گە كەپتۇ، سۆزگە كەلگەندىمۇ، ئاۋۋال باھاغا ــ پۇلغا كەپتۇ. ئەپچىلەم:

ــ سودا ئىشى ئاسان ئەمەس، سىلىمۇ ئىمام ـ مە-
زىنلىرىنى قىنچقارسىلا، مەنمۇ بىر ـ ئىككى ئاغىنەمنى

قىچقىراي، خەت ـ مۆھۈر قىلىشايلى ... ـــ دەپتۇ. باي:
ـــ گېپىڭ راست بولسا، سەن توختىمامسەن. ئاۋۋال باھاسىنى كېلىشەيلى، ئاندىن ئۇچىدىن بىر نەرسە بەر، قالغان ئىشلار بولسا ئاسان ... ـــ دەپتۇ.
ئۇياقتا تارتىشىپ، بۇياقتا تارتىشىپ ئاخىر ئۇجمە سايىسىنىڭ باھاسى تۆت يۈز تەڭگە ئاق كۈمۈشكە توختاپتۇ، ئۇچىدىن ئەللىك تەڭگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بايدىن تىلخەت ئېلىپ، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرىنى قىچقارغىلى مېڭىپتۇ.
باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، خۇدا ئۇرغان ئەخمەقنى ئەمدى باي ئاكاڭنىڭ ئۇرغىنىنى كۆر ! مۇنداقمۇ ئولجا بولارمۇ... دەپتۇ ـ دە، قازىغا كىشى يۈگۈرتۈپتۇ، ئارقىدىن: «توختا !» دەپتۇ، كۆڭلىدە، بۇنى كىشىلەر تۇيمىسۇن، ئىش بۇزۇلمىسۇن، قازىنى توغرىلاش ئۈچۈن، ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك، دەپ، ئۆزى يۈگۈرۈپتۇ.
ئەتىسى بۇلار يىغىلىپتۇ. قازىمۇ باي بىلەن پۈتۈشۈۋېلىپ، مۆھرىنى يالاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەپچىلەممۇ روزىمەتكە ئوخشاش بىر ـ ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان سۆزلىرىنى دىللىرىغا پۈكۈپ، جايلىۋالغان پۇللىرىنى بەللىرىگە تۈگۈپ يېتىپ كەپتۇ.
قازى: «ئەلۋەدۇ مىنەل ئىمان، بىزلەر بولساق شاھىت...» دەپ قەلەمنى قەغەزگە سۇۋاشقا باشلاپتۇ. خەتنىڭ بېشىغا: «تەخىيى بىر مىڭ، ئېشىكى ئۈچ يۈز، توقۇمى ئون توققۇز، ماھى سەپەر قوشنىسىدا، باي غوجامنىڭ ھويلى-

سىدا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر، ئاندىن: «مەنكى سەلەي باي
هويلامنىڭ كوچا پاسىلىدىكى چوڭ ئۇجمىنىڭ سايىسىنى
ئەپچىلاخۇنغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن هازارى مەجلىس ئال-
دىدا تۆت يۈز تەڭگە كۈمۈشكە ساتتىم. تاكى ئۇجمە ئۆزى
قۇرۇپ يوقالغۇچە ئۇنىڭ سايىسىدىن ئەپچىلاخۇن ۋە ھەت-
تاكى ئۇنىڭ ئاغىنە، خىش - ئەقرىبالىرىمۇ ھەرقاچان،
ھەرزامان بىمالال پايدىلىنىدۇ. مۇبادا بۇنىڭغا پىقىر ۋە مې-
نىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرئى
ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي» دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ.
ئاخىرىغا ساتقۇچى، ئالغۇچى ۋە گۇۋاھ - شاھىتلار قول
قويۇپتۇ. قازى:
— مۇبارەك بولسۇن، ئەپچىلاخۇن! سىلىدەك ماكان-
سىز بىر ئادەمنىڭ باي غوجامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مۇنچە-
لىك مۇلۇككە ئىگە بولغانلىرى خۇدانىڭ چوڭ ئىلتىپاتى.
سىلىنىڭ باشلىرىغا ئۇجمىنىڭ سايىسى ئەمەس، باي غو-
جامنىڭ سايىسى چۈشتى ...... — دەپ مۆھۈر ھەققى ئېلىپ
قويىنىغا سېپتۇ. ئىمام ۋە مەزىن ئاخۇنۇممۇ قۇرۇق قالماپ-
تۇ، ئۇلار باي غوجامدىن قانچىلىك مۆھۈر ھەققى ئالدى،
بۇنىسى مەلۇم ئەمەس، ئىشقىلىپ، توختام «پۈتۈپتۇ»،
ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ.
ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپتۇ. ئەپچىلەم بازارغا
باراردا ۋە ياناردا ھېلىقى ئۇجمىنىڭ سايىسىگە كېلىپ بە-
خىرامان ئېغىنايدىغان، سايىدە راۋاب چېلىپ ئوينايدىغان،

ئاغىنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ناخشا توۋلايدىغان بوپتۇ. باي چىقىپ:

— نېمە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەپچىلەم:

— ئۈجمە سايىسى ئاكاڭ قارىغاينىڭ، ياغىچى باي غوجامنىڭ، — دەپ پەرۋا قىلماي جاۋاب بېرىپتۇ. باي، پىيازنىڭ پوستى كۆپ، ئەخمەقنىڭ دوستى دېگەندەك، بۇ كاساپەتنىڭ دوستى ئىتنىڭ قۇرتىدەك كۆپ ئىكەن، دەپ ھېچكىمنى قوغلىيالماپتۇ، ساقىلىنى چىشلەپ ئۇخلىيال-ماپتۇ.

ئارىدا باي پالتىسىنى ئاچىقىپ ئۈجمىنى كېسىپ تاشلىماقچى بوپتۇ، ئاچچىقىغا پايلىيالماي ئۇرۇلغان پالتا ئىزىدىن كەمتۈك بولۇپ قالغان سايىنى تۆلەپ بېرىشكە تاس ـ تاس قاپتۇ. باي تېخىمۇ زەردىگۆش بولۇپ ھەسرەت يۇتۇپتۇ.

بىر كۈنى باي ئايۋاندا سېسىق كېكىرىپ سوزۇلۇپ ياتسا، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئېشەكلىرىنى يېتىلە-شىپ باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ. باي:

— ۋاي، نېمە گەپ؟ — دېسە، ئەپچىلەم:

— تەقسىر، سايىمىز ھويلىغا كىرىۋاپتۇ، شۇنى ئىس-تەپ كىردۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئېشەكلىرىنى سا-يىگە قوزۇق قېقىپ باغلاپ، چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ... باي: «ھىم» دەپ ئۆزىنىڭ گۆشىنى

ئۆزى يېگۈدەك بوپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ خوتۇنلىرى ئوسما قويۇشۇپ ئول-تۇرسا، باينىڭ بالىلىرى ھويلىغا يىغلاپ كىرىشىپ كەپتۇ. ئاغىچا - خېنىملار سۇپىلارغا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ - قو-پۇپ، چىقىپ شۇنداق قارىسا، بالىلىرى يۈزلىرىنى تاتىلاپ، يەردە يېتىپ ئېغناپ، ھۆكۈرەك ئېتىپ يىغلاۋاتقۇدەك.

— ۋاي ئالتۇن قوزىلىرىم، نېمە بولدى، كىم ئۇردى؟ — دەپ سوراپتۇ خېنىملار. بالىلار يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

— ئۇجمە سايىسىدە ياتقان ئېشەكچىلەر: «سايىگە يې-قىن كېلىشمە، ھارامىلار!» دېدى. ھى... ھى! ئۇجمىگە چىقمىز دېسەك، «سايە يوق يەردىن چىقىش» دېدى، ھى... ھى! دادام قېنى؟ ھى... ھى!

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان گادايلار... ئەمدى ئۆلۈپتۇق! ھەممە گۇناھ تويماس يوھا شۇنىڭدا... پۇل دېسە بىزنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ. يىغلىماڭلار، ئوبدان بالىلىرىم، خەپ! داداڭلار كەلسۇنچۇ، نى ئات، نى نومۇس...

تالادا راۋابنىڭ ئاۋازى ھويلىدىكى ۋاڭ - چۇڭنى كۆزگە ئىلمىغاندەك تازا قىزىپتۇ ۋە بىر كەمدىن كېيىن پەسىيىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى باي ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ كەپتۇ، ئۆلگۈدەك ھېرىپ يىقىلاي دەپتۇ، ئۆزى تەرگە چۆمۈلۈپ، يۈزلىرى ئىسسىلىپ، كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ، خىرىلداپ قاپتۇ. باينىڭ كەلگەن ۋاقتىدا ئۇجمىنىڭ سايىسى قاق دەرۋازىغا چۈشكەن

چىغىكەن، باي دەرۋازىدىكى سايىگە ئېيتىپنى دېۋىتىپ شۇنداق كېلىشىگە، ئەپچىلەم:

— توختىسىلا، باي ئاكا، پۇل كىمنىڭ بولسا، سايىسىمۇ شۇ ئۆزىلا ئۆتىدۇ... — دەپتۇ. باي ئاران زۇۋانغا كەلسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتالماي قاپتۇ. باي ۋاراڭ — چۇرۇڭ چىقسا، يولۇچىلار يىغىلىپ زاڭلىققا قېلىشتىن قورققانمۇ:

— ئەمىسە، مەن ئۆز پۇلۇمنىڭ سايىسىدىن ئۆتمەن، قانچە ئالىسەن؟ تېز گەپ قىل! — دەپتۇ.

ئاڭغىچە بازاردىن قايتقانلار بۇ ئارىغا يىغىلىپ قاپتۇ. ئەپچىلەم:

— ئەللىك تەڭگە، — دەپتۇ.

باي يولدا كېلىۋاتقان خەقلەرنى كۆرۈپ، ئىچىدە ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى سېزىپ:

— ئەللىك تەڭگىنى هازىر ئاچىقىپ بېرىمەن، — دەپ ئاتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، چوڭچىلىق بىلەن هويلىسىغا ئۆزىنى ئاپتۇ. ئەپچىلەمنىڭ مۆھۆر ھەققىگە كەتكەن پۇلى چىقىپتۇ.

ئەمما، باي بۇنىڭدىن كېيىن دائىم مۇنداق چوڭ چىقىملارنى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى ۋە ئائىلە جەمەتلىرىنىڭ بىمالال ئۆتۈشىرىشى ئۈچۈن يەنە ئەللىك تەڭگە بېرىپ، دەرۋازىغا چۈشكەن سايىنى ئاران ئىختىيارىغا ئېلىۋاپتۇ. «ئەقىللىق» باينىڭ ئىسىگە «ئەخمەقلەر»نىڭ يەنە

قانداق كارامەتلىرى بارلىقى كەلمەپتۇ.

بىر بازار كۈنى باي شەھەرلىك ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى چايغا قىچقىرىپتۇ... مېھمانلار داستىخاننى شادلىق ئىۋاز-غا ـــ كوچىدىكى يوغان ئۈجمىنىڭ سايىسى چۈشكەن سۇ-پىغا يۆتكەپ، تېخى ئەمدىلا ياسىن پولۇنىڭ ئۈستىگە دۈم چۈشەي دەپ تۇرغاندا، بىرنەچچە كىشى ئېشەكلىرىنى يې-تىلىشىپ، چورۇقلىرىنى سۆرىشىپ كىرىپ كەپتۇ... ئەپ-چىلەم ۋە روزىمەتلەرنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى بىلگەن باي سۇپىدىكى سايىگە قاراپ قېتىپ قاپتۇ، ئاسمانغا قاراپ ئا-لىيىپتۇ، بوغدىيەكلىرى لىپىلداپ قاپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى بىلمىگەن مېھمان بايلاردىن بىرى بۇ كەلگەنلەر باينىڭ مالايلىرى بولسا كېرەك، دەپ:

ـــ قېنى، سەلىياخۇن، ماۋۇ چورۇقۋايلارغا بىرنەرسە



دېمەملا، ئېشەكلىرىنى نېرى تارتىشسۇن ! توگىتەلمەيدىغان قەرزلىرى بارمىتىيا؟ ! ــ دەپتۇ. باي بىر چۆرگىلىگەندەك بولۇپ ئېسىگە كەپتۇ ۋە ئەپچىلەمگە:

ــ خۇدا ھەققى، ھەر ئىش بولسا كېيىن سۆزلىشەيلى، قېنى سىلەرمۇ مېھمان، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار، سىلەرگىمۇ داستىخان سالسۇن ... ــ دەپتۇ. روزىمەتلەر:

ــ باي ئاكاملارنى نەدە مېھمان قىلسىلا قىلسىلا. بىز سىلىدىن داستىخان سېتىۋالمىدۇق ... ــ دەپتۇ ۋە ئېشەكلىرىنى سايە چۈشكەن شادىلارغا باغلاپتۇ، چاپان ـ چورۇقلىرىنى سۇپىنىڭ سايە چۈشكەن يەرلىرىگە تاشلاپتۇ. مېھمان بايلار:

ــ ئاش ھارام بولدى... ــ دېيىشىپ نېرى قېچىپتۇ... ئەپچىلەم:

ــ ئاش ھارام بولسىغۇ چاغلىق گەپ، لېكىن بىزنىڭ تۆت يۈز تەڭگىلىك سايىمىز ھەرقايسىلىرىنىڭ «ئاستىدا» قېلىپ ھارام بولغىنى يامان بولدى، ــ دەپ سىرنى ئېچىپ تاشلاپتۇ.

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەپچىلەملەر بوش كەلمەپتۇ... مېھمانلار ئىچىدە: «ھە، بىزگە چوڭ سۆزلەيدىغان سەلەيباي، كارامىتىڭ ئاشكارا بولدىمۇ؟» دەپتۇ، ئۆچىنى ئالغاندەك قىلىپ، بايغا بولۇشقىلىمۇ پېتىنالماپتۇ، بىر ـ بىرلەپ شەھەرگە قاراپ قوزغىلىشىنى تىكىپتۇ. باينىڭ گەجگىسى تارتىشىپ، ئۆيىگە كىرىپ يىقىلىپتۇ...

ئەپچىلەملەر سايىدە بىردەم ھاردۇقلىرىنى ئېلىشىپ، يېزىلىرىغا كېتىپتۇ.

بۇ ۋەقە ئەمدى شەھەرگە يېتىپتۇ، قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەپچىلەملەر شۇ بازار كۈنى مۆھۈر خەتنى كۆچۈرتۈپ، بازاردىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش خەلقئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

ئەمدى باي ئۆيدىن ھېچ يەرگە بارالماي ماراپ يېتىپ-تۇ. ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ:

چىقىر ئۇجمە سايىسىنى
ئاق تەڭگىگە ساتقان باي.
ھويلىسىدىن چىقالماي،
چاشقان بولۇپ ياتقان باي.

دېگەن ناخشىسىدىن تويۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، كۈنلەر ئاستا - ئاستا ئۆتۈپ، «گادايلار» بىر ئاز جىمىققاندەك تۇيۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە باي ئۆلگەندەك ئۇخلاۋاتسا، ئۆگزىدە گۈپۈر - گۈپۈر ئاۋازلار، بىردەمدىن كېيىن ناخشا، راۋابلارنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپتۇ. باي مەڭدەپ ھويلىغا چىقسا، ئىتى بىرنەرسىنى غاجاپ ياتقان، بايغا قاراپمۇ قوي-ماپتۇ، ئۆيگە كىرسە، خوتۇنلىرى ئاھانەت قىلىپ ئارام

بەرمەپتۇ. باي شوتىغا يامىشىپ چىقىپ قارىسا، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار سۆتتەك ئايدىڭدا ئۆگزىنى بىشىغا كىيىپتۇ. باي شوتىدىن يىقىلغىلى تاس قاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ توۋلاپتۇ. ئەپچىلەم:

— بىز ئۆزىمىز سېتىۋالغان سايىدە ئولتۇردۇق، باشقا كىشىلەر يوق، كىرىپ ئۇخلاۋەرسىلە، تەقسىر، — دەپتۇ. باي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— مەن ئۇجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ساتمىغان... — دەپ كاركىراپتۇ. ئەپچىلەم:

— چۇشەكەپلا، تەقسىر، ئۆيلىرىگە كىرىپ مۆھۈرخەتكە قاراپ باقسىلا، «بىمالال»، «ھەرقاچان - ھەرزامان»



دېگەن يەرلىرىنى ئوبدان ئوقۇسىلا، ــ دەپتۇ. راۋاب بىلەن ناخشا يەنە قايناپتۇ.

باي ئۆيگە كىرىپ ئويلاپتۇ. لېكىن، خوتۇنلىرى تاپا ـ تەنە بىلەن بېشىنى ئوچاق ئېتىپ، ئويلىغىلى قويماپتۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە ئويلاپ «ئەقىل» تېپىپتۇ، ئۆگزىگە يەنە چىقىپتۇ:

ــ ئەمىسە، ئوجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ئۆزۈمگە سېتىپ بەرسەڭلار... ــ دەپتۇ باي. ئۇ لولىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئوجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى مىڭ بالالىقتا ئۈچ يۈز ئەللىك تەڭگە كۈمۈشكە سېتىۋاپتۇ. لېكىن، ئەمدى ئۆزى تېخىمۇ «ئوي»غا قاپتۇ. تالاغا چىقسا، يۇرت ـ جامائەت، رەقىبلىرىنىڭ دەردى، ئۆيگە كىرسە، بالا ـ چاقا، خوتۇنلىرىنىڭ دەردى، مازاق ـ مەسخىرە، بىھۇدە چىقىم... باينىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «گادايلار»نىڭ بۇگۇن كېچە بېشىغا چىقىۋالغانلىقى، ئوجمىسىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا پۇل تۆلىگەنلىكى باينىڭ يۈرەك ـ باغرىنى خۇن قىلىۋېتىپتۇ.

«دەرەخنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسى تالاغا تارقالسا، يەنە نېمە گەپلەر بولۇپ كېتەر». بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن باي ئۇزاققا قالماي يۇك ـ تاقلىرىنى ئۇلاغلارغا ئارتىپ باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئوجمىنىڭ سايىسى خەلققە قاپتۇ. ئەپچىلەملەر بايدىن دەردىنى ئەنە شۇنداق ئاپتۇ.

# مىراس

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، توخۇ جىرىم غاجىلىغان، تۆمۈچۈق ئۆگزە تاتىلىغان زامانلارنىڭ بىرىدە بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بوۋاي قېرىپ يېشى سەكسەندىن ئاشقاندىن كېيىن، پۇت-قولىدا ماغدۇرى قالماي بالىلىرىنىڭ بېقىشىغا موھتاج بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىلىرى دادىسىنى بېقىشتىن زېرىكىپ، بىر-بىرىگە بەس سالىدىغان بولۇپ قېلىشىپتۇ. بەزىدە ھېچقايسى بالىسى دادىسىغا بىرەر نانمۇ ئەكىلىپ بەرمەي، بوۋاي كۈن-كۈن ئاچ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىردا بوۋاي ئاجىزلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ بىئىلاج بولۇپ خارلىققا قالغانلىقىنى بىلىپ، بىر كۈنى چوڭ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، سەن بالىلارنىڭ چوڭى، مەندىن ئوبدان خەۋەر ئال، سەن مېنى ياخشى باقساڭ، ئۇكىلىرىڭمۇ ماڭا كۆيۈنىدىغان بولىدۇ. كۆزۈم يۇمۇلماي تۇرۇپ سىلەر مېنى تاشلىۋەتسەڭلار، بالىلىرىڭلارمۇ سىلەرگە شۇنداق قىلىدۇ.

مېنىڭ بەش كۆنلۈكۈم قالدى، مەن ساڭا ئوبدان دۇئا قىلىپ قوياي، كېيىنچە ياخشى كۈن كۆرىسەن. ساڭا ئوبدان بىر نەرسە قالدۇرىمەن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئوك بۇلۇڭىنى كولاپ تېپىۋالارسەن، ــ دەپتۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوغۇللىرىغىمۇ يۇقىرىقى ۋەسىيەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچىسىگە: «كۇلۇڭنى كولارسەن»، ئۈچىنچىسىگە: «سول بۇلۇڭنى كولارسەن» دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغۇللىرى دادىسىغا ياخشى غىزالارنى بېرىپ، بەس ــ بەس بىلەن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن ئىككى ــ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاي كۆز يۇمۇپتۇ. ئاڭغىچە بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى دادىسىنى ياخشى بېقىپ دادىسىدىن ياخشى نەرسە مىراس ئېلىۋېلىش كويىدا،ئۆز ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى سېتىپ بولۇپ خېلى نامراتلىشىپ قالغانىكەن. بىر كۈنى چوڭ ئوغلى ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىنى كولىغانىكەن، بىر دانە داپ چىقىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مىراسنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان يىرتىق داپ ئىكەنلىكىگە نارازى بولۇپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ ۋە ئويلىنىپ، مەن دادامنىڭ دۇئاسىنى كۆپ ئالغان، بۇ داپتا بىرەر بەرىكەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنى جاھاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا ئاپىرىپ كۆرۈپ باقاي، دەپتۇ، ئۆيگە بېرىپ خوتۇن ـ بالىلىرىغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، تەۋەككۇل دەپ داپنى قوينىغا سېلىپ سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول
يۈرۈپتۇ، شۇنداق يول يۈرۈپ بىر كۈنى غىلىڭ سايىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى بىر كونا تۈگمەننىڭ قېشىغا كەلگەندە قاراڭ-
غۇ چۈشۈپ قاپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئۇخلاش ئۈچۈن تۈگمەننىڭ
سۇكىنىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بۇ تۈگمەن بىرقانچە يىللار-
دىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان كونا تۈگمەن بولغاچقا، ھەر
كۈنى كېچىسى چۆلدىكى قومۇشلۇقتىن ياۋا توڭگۇزلار كې-
لىپ تۈگمەننىڭ خامپىسىنى يالايدىكەن. بۈگۈن كېچىمۇ
بىرقانچە توڭگۇز كېلىپ خامپىنى يالاشقا باشلاپتۇ. توڭ-
گۇزلارنىڭ خارت - خۇرت قىلغان ئاۋازىدىن قورقۇپ كەت-
كەن چوڭ ئوغۇل داپنى شۇنداق بىر تاراڭلاتقانىكەن، ياۋا
توڭگۇزلار قورقۇنچلۇقتا قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ
تۈگمەننىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ قويۇپتۇ. چوڭ ئوغۇل قور-
قۇپ داپنى تېخىمۇ بەك چالغانسېرى توڭگۇزلار شۇنچە



سەكرەشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋانلار بۇ كونا تۆگمەندىكى داڭگا ـ دۇڭگا ئاۋازنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بولـ ـدىكىن دەپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ كىـ ـرىشىگە، قورقۇپ ھالى قالمىغان ياۋا توڭگۇزلار گۇلدۇرـ ـلىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ چوڭ ئوغۇل سۇـ ـكەندىن سەكرەپ چۈشۈپ كارۋان بېشىنىڭ ياقىسىغا ئېسىـ ـلىپ:

— مەن بۇ توڭگۇزلارغا پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىتىۋاتقىنىمغا بۈگۈن قاق ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغانىدى، ئەتە قىرىق كۈن بولاتتى. ئەتە پاـ ـدىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇسسۇل ئويناتتىپ ئىنـ ـئام ئالاتتىم. سەن پادىشاھنىڭ توڭگۇزلىرىنى قاچۇرۇۋەتـ ـتىڭ، يا توڭگۇزنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىسەن، يا بولمىسا، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز، — دەپتۇ. كارۋان بېشى پاـ ـدىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن قورقۇپ:

— نېمە ئالساڭلا بېرەي، غوجام، مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپارمىساڭلا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى كارۋانلارنىڭ قىرىق ئات ـ قېچىرـ ـدىكى پۇل ـ ماللىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ راھەت ـ پاراغەتتە كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئاكىسىنىڭ مۇنداق ئاسان باي بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئوتتۇرانچى ئىنىسى ئاكىسىدىن بۇ ئىشنىڭ

سىرىنى سوراپتۇ. ئاكىسى دادىسىدىن مىراس قالغان كونا داپىنىڭ خاسىيىتىدىن شۇنداق بولغانلىقىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرھال ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتمەن بىلەن كۇلۇڭنى كولاشقا باشلاپتۇ. كۇلۇڭدىن بىر دانە تۇگمەن تېشى چىقىپتۇ. تاشنى كۆرۈپ، ئۇمۇ: «ۋاي شور پېشانەم» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، تاشنىڭ تۆشۈكىدىن كۇلا ئۆتكۈزۈپ ئۈشنىسىگە تېڭىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر كۈنى چوڭ سايلىق ياقىسىدىكى بىر توپ سەگۈ تېرەكنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە كەچ كىرىپ قاپتۇ، شۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ ۋە تېرەك تۈۋىدە قونسا بۆرە يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ تاشنى يۈدۈپ تېرەكنىڭ ئۈچىدىكى بىر ئاچىماقىقا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن بىر توپ قاراقچى تېرەكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قازان ئېسىپ پولۇ ئېتىپ يېيىشىپتۇ. قاراقچىلار پولۇنى يەپ بولۇپ يوك ـ تاقلىرىنى يېشىپ، تېرەكنىڭ ئەتراپىدا ئۇخلىماقچى بولۇشۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئوتتۇرانچى ئوغۇل چۆرگىلىتىپ سىيگەنىكەن، ئۇنىڭ سۈيدۈكى غازاڭلارغا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ خۇددى يامغۇر تامچىسىدەك قاراقچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ، قاراقچىلار: «ۋاي يامغۇر ياغدى» دېيىشىپ، ھەممىسى تېرەكنىڭ تۈۋىگە يىغىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئوتتۇرانچى ئوغۇل تۇگمەن تېشىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە

تاشلاپتۇ. تاش ئۇلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئوتتۇرانچى ئو-
غۇل قاراقچىلارنىڭ قىرىق ئات - قېچىردىكى دۇنيا دەپىد-
نەلىرىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بالا - چاقىلىرى
بىلەن ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان كەن-
جى ئوغۇل ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ
كىرىپ، كەتمەن بىلەن ئۆينىڭ سول بۇلۇڭىنى قازغاند-
كەن، بىر ئۇينىڭ قۇيرۇقى چىقىپتۇ. ئۇمۇ ئىككى ئاكد-
سىغا ئوخشاش ئۆيگە بېرىپ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن
خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇينىڭ قۇيرۇقىنى خورجۇنغا سې-
لىپ كۇنپېتىش تەرەپكە قاراپ سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ،
كۆپ جايلاردىن ئۆتۈپ بىر كۈنى بىر يېزىغا يېتىپ كەپ-
تۇ، قارىسا بىر ئادەم يەر ھەيدەۋاتقانىكەن، ئۇ ئادەم بىلەن
گەپلىشىپ ئۇنىڭ باينىڭ ئورتاقچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ-
تۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئادەم:

— سىلى يەر ھەيدەشنى بىلەملا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆيگە بېرىپ چاي ئىچىپ كې-
لىۋالاي، سىلى يەرنى ھەيدىگەچ تۇرسىلا، — دەپتۇ ھېلىقى
ئادەم.

— ماقۇل، — دەپ، كەنجى ئوغۇل يەر ھەيدەشكە
باشلاپتۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتىشىگە ئۇينى

قوشتىن چىقىرىپ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە ئېلىشىغا سېتىپ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، خورجۇنىدىكى ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى ئېلىپ يەرگە كۆمۈپ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ، خورجۇننى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاپ ياتىدۇ. بىرھازادىن كېيىن ھېلىقى ئادەم قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئۇيمۇ يوق، يەرمۇ ھەيدەلمىگەن. كەنجى ئوغۇلنى ئويغىتىپ: «ئۇي قېنى؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— سىلى كېتىپ ئۇزۇن قالماي ئۇينى يەر يۇتۇپ كەتتى، مانا ئۇنىڭ قۇيرۇقى. مەن يالغۇز تارتىپ چىقىرالمىدىم، ئىككىمىز بىر بولۇپ تارتىپ چىقىرايلى، — دەپتۇ. ئىككىيلەن تارتقانىكەن، قۇيرۇق قولىغا چىقىپتۇ، ئورتاقچى دېھقان ئاللا - كاللا دەپ قاقشاپ ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بولسا ئورتاقچى دېھقاندىن سوراۋالغىنى بويىچە باينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. باي ئۆيدە يوق ئىكەن. باينىڭ چىرايلىق بوغماق خوتۇننى كۆرگەن كەنجى ئوغۇل:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغىچا خېنىم، — دەپ سالام بېرىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆزلىرى نېمە ئىش بىلەن كەلدىلە؟ — دەپ سوراپتۇ باينىڭ خوتۇنى.

— ئىشلەي دەپ كەلدىم، بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئىشلىرىنى قىلىپ بەرسەم، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل. باينىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر تولۇمدىكى ئارپا بىلەن ئارىلىشىپ

كەتكەن بوغداينى ئايرىپ بىرىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى خىلمۇ-
خىل غىزالارنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل
بولسا ھويلىدا ئولتۇرۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن باينىڭ
خوتۇنىنىڭ نىمە غىزا ئىتىپ، ئۇنى قەيەردە قويغانلىقىنى
ئىنىق كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

كەچ كىرىپ باي قايتىپ كىلىپ بۇ يىڭى مەدىكار بى-
لەن كۆرۈشكەندىن كىيىن، كەچلىك تاماق يىيىش ئۈچۈن
داستىخانغا كەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى باينىڭ ئالدىغا بىر ئاياق
سوغۇق سۇ بىلەن ئىككى دانە تىرىق زاغرىسىنى قويۇپ
قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ باي پوشۇلداپ:

— تۈزۈكرەك تاماقىڭلار يوقمۇ؟ — دىسە، خوتۇنى:

— كەچ بولۇپ قىلىپ تاماق ئىتەلمىدىم، بۈگۈنچە
مۇشۇنى يىگەچ تۇرسىلا، — دەپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە گەپنى كەنجى ئوغۇلدىن ئاڭلايلى:

كەنجى ئوغۇل ئارپا بىلەن بوغداينى ئايرىۋىتىپ، باي-
نىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قوناقلىقتا ئىستىۋارا قىلغىلى
چىقىپ، ئۇ يەردە بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىللە بول-
غانلىق ئالامەت - بەلگىلىرىنى كۆرۈپ قاپتىكەن، شۇنىڭ
بىلەن قورسىقىغا جىن كىرىپ يىنىپ كىرىۋاتسا، تام تو-
ۋىدە بىر توكۇر قاغىنىڭ ئۇچالماي پالاقشىپ تۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ ئۇنى قوينىغا سىلىۋالغانىكەن.

باينىڭ خوتۇنىدىن ھىلىقى گەپنى ئاڭلىغاندىن كى-
يىن، كەنجى ئوغۇل ئاستاغىنا قوينىدىكى قاغىنىڭ قانىد-

تىنى بىر تارتقانىكەن، قاغا «قاق» دەپ توۋلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي:
— بۇ نېمە؟ نېمىدەپ توۋلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كەنجى ئوغۇل:
— باي ئاغا، بۇ ناھايىتى خىسلەتلىك جانىۋار، ئىسمى «موللا تاپقاق». بۇ دەيدۇكى، ئاۋۇ كاتىنىڭ تۆپىسىدە داستىخانغا يۆگەپ قويغان ئىككى دانە قاتلىما، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاياق قېتىق بار، دەيدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ باي خوتۇنغا دەرھال ئاچچىقىشنى بۇيرۇپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بىرمۇنچە غودۇڭشىپ قاتلىما بىلەن قېتىقنى ئاچچىقىپ بېرىپتۇ. ئىككىيلەن راسا مەززە قىلىپ يېيىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قاغىنىڭ قانىتىنى يەنە ئىككى قېتىم تارتىپ، باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئاشنىسىغا پىشۇرۇپ ساقلاپ قويغان يىگىرمە دانە تۇخۇم، بىر توخۇنىڭ گۆشى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى داستىخانغا ئاچقۇزۇپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بۇ مەدىكارنى ئىچىدە مىڭ قېتىم قارغاپتۇ.
ياتار ۋاقتى بولغاندا باينىڭ خوتۇنى كەنجى ئوغۇلغا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە ئورۇن سېلىپ بەرمەكچى بولغاندىكەن، كەنجى ئوغۇل: «مېنىڭ كېچىدە تالاغا جىق چىقىدىغان كېسىلىم بار، ئىشىك تۈۋىدە ياتاي» دەپ ئۇنىماي ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ يېتىۋاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي تازا خورەك تارتىپ قاتتىق ئۇخلىغان بولۇۋاپتۇ. باي بولسا ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ھويلىغا بىر كىشى

كىرىپ كەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بولسا ئاستا ئورنىدىن تۇ-رۇپ ھېلىقى كىشىنى ئاشخانا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كې-تىپتۇ ۋە:

— بۈگۈن سىلىگە بىرمۇنچە ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ ساقلاپ قويغانىدىم، نەدىكى بىر پالاندى قەلەندەر كېلىپ بايغا چېقىشتۇرۇپ ھەممىنى يەۋەتتى. خاپا بولماي تۇرسىلا، ياغ چۈچۈتۈپ قۇيماق سېلىپ بېرەي، — دەپتۇ. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ ياتقان كەنجى ئوغۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ. بىر چاغدا باينىڭ خوتۇنى قازاندىكى ياغنى قىزى-تىپ قويۇپ ئوتۇن ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمنى كەينىدىنلا قۇ-چاقلاپ قازاندىكى قىزىق ياغقا كاللىسىنى بېسىپتۇ. باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ، ئاندىن ئاشخا-



نىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يۆلەكلىك تۇرغان بىر تاغاردىكى پۇرچاق ئۇنىغا ئۇنىڭ كالللىسىنى تىقىپ قويۇپ، ئۆز ئور-نىغا چىقىپ يەنە ئاۋۋالقىدەك خورەك تارتىپ يېتىۋاپتۇ.
باينىڭ خوتۇنى تالادىن كىرىپ: «ۋاي ئادىشىم، قورساقلىرى ئېچىپ كېتىپ تاغاردىكى ئۇنىنى يېگىلى تۇردىلىمۇ؟» دەپ بېرىپ بىر تارتقانىكەن، پالاققىدە ئالدىغا يىقىلىپ چۈشۈپ-تۇ. بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن خوتۇن ئاستاغىنا كەنجى ئوغۇلنىڭ قېشىغا چىقىپ: «ۋاي جېنىم ئاكا، بىر ئۆلۈك بار ئىدى، يىغىشتۇرۇشۇپ بەرگەن بولسىلا، ئانامدىن قالغان بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكۈمنى بەرسەم» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.
كەنجى ئوغۇل خوتۇندىن ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى ئېلىپ بول-غاندىن كېيىن، ئۆزى ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، باينىڭ ئېغىلدا ۋە ئاتخانىدا ئون نەچچە تۇياق ياراق ئاتلىرى بار ئىكەن، ئۆلۈكنى سىرتقا ئاچىقىپ ياتقۇ-زۇپ قويۇپ، ئاتخانىدىن بىر ئاتنى تۇتۇپ چىقىپ جابدۇپ، ئۆلۈكنى ئاتقا تېڭىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئاتنى قوي ئېغىلىغا سولاپ قويۇپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ:
— ۋاي باي ئاكا، قويلىرىغا ئوغرى چۈشۈپتۇ. ئىس-تىۋارا قىلغىلى چىقىپ قارىسام، بىر ئوغرى ئاتقا مىنىپ قويلىرىنى ھەيدەپ كەتكىلى قوپقانىكەن، ئىشىكنى ئې-تىۋېلىپ سىلىنى ئويغاتقىلى كىردىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي دەرغەزەپ بولۇپ قولىغا كالتەك ئېلىپ ئېغىلغا كىرىپ:

— ۋۇ ھارام تاماق ئوغرى، — دەپ كالتەك بىلەن بېشىغا بىرنى ئۇرغانىكەن، «ئوغرى» ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن كەنجى ئوغۇل:

— ھەي باي ئاكا، شەيتانلىرىغا ھاي بەرسىلە دېسەم، ئۇنىماي بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويلا، ئەمدى پادىشاھنىڭ ئالدىدا نېمە دەيلا؟ — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن باي كەنجى ئوغۇلغا ئېغىلدىكى بارلىق ماللىرىنى بېرىپ، بۇ پېشكەللىكتىن ئاران قۇتۇلۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل باينىڭ قويلىرىنى ھەيدەپ، ئاتقا مىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، بالىلىرى بىلەن خۇشال-خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. «ئاتاڭدىن مىراس ئالغۇچە، دۇئا ئال» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4NjQuemlw",
  "filename_decoded": "40209864.zip",
  "filesize": 30187592,
  "md5": "d66096732612cd32431bb99502dd4c7b",
  "header_md5": "a8b26e54fc00032b3f53b381ed15b3f6",
  "sha1": "aed2044074a8353f4ddda2d34ea3f1ceebd16a77",
  "sha256": "57fcc041bc079cd2c3ea2e23def2ac1c608d2b39012c1e037305be354f9b069f",
  "crc32": 2286052552,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 30740370,
  "pdg_dir_name": "\u2554\u00fa\u2569\u2248\u2559\u2591 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209864",
  "pdg_main_pages_found": 73,
  "pdg_main_pages_max": 73,
  "total_pages": 82,
  "total_pixels": 321470586,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}